سۇزۇك

# يادىكار

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

سۇزۇك

# يادىكار

(شېئىرلار توپلىمى)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ھاجى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# يادىكار

## سۇزۇك


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۆلچىمى: 1092 × 787مم، 32 كەسلەم

6 باسما تاۋاق

1983- يىل 10- ئاي 1- نەشرى

1983- يىل 12- ئاي 1- بېسىلىشى

سانى: 1 – 4500

كىتاب نومۇرى: 33 – 10264

باھاسى: 0.29 يۈەن

# نەشرىياتتىن

شائىر سۇزۇك (مەھەممەت ئىمىن توختىنىياز) 1920 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرىيە ناھىيىسىدىكى بىر قولھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1929 - يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە يەكەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە، كېيىن يەكەندە ئېچىلغان «مەتلى ئىل ئېرپان» ناملىق يېڭى مەكتەپتە ئوقۇغان. 1938 - يىلدىن 1943 - يىلغىچە يەكەن، مەكىت، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن، 1947 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە گومىنداڭ تۈرمىسىدا ياتقان.

ئازادلىقتىن كېيىن، يەكەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا مۇئاۋىن رەئىس، يەكەن ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم، «يەكەن گېزىتى» گە مۇدىر، سابىق يەكەن ۋالى مەھكىمە مەدەنىي - مائارىپ بۆلۈمىگە مۇئاۋىن باشلىق قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1943 - يىلى باشلانغان بولۇپ، شېئىرلىرى سۇزۇك تەخەللۇسى بىلەن مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ "4 كىشىلىك گۇرۇھ" يوقىتىلغاندىن كېيىن، شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل تەسىرىنى، خۇسۇسەن، ناۋايى، مەشرەپ، فۇزۇلى، فۇرقەت، خىسلەت قەشقەرى قاتارلىق نامايەندىلىرىمىزدىن ئۆلگە ئالغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ توپلامغا شائىرنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن يازغان شېئىرلىرىدىن بىر قىسمى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە


غەمكىن بېشىم ........ 1
پەلەكتىن شىكايەت ........ 2
چەرخكە خىتاب ........ 3
غەم ........ 5
كۈنلەر ........ 7
دوستۇمغا ........ 9
بىر دەرتمەنىنىڭ ئۆز بەختىدىن شىكايىتى ........ 11
زامان ........ 13
پۈتكۈل خاتا ........ 14
ئۆتەر دەۋران ........ 17
ئەسلىڭ شۇ هامان ........ 19
غازلار ئۇچقاندا ........ 20
ئەركىنلىك ئىشقى ........ 21
ئىزلىسە ........ 23
تاپ ........ 25
ئى جاھان ........ 26
سۆي ۋەتەننى جان بىلەن ........ 27
ئېيت! ........ 29
پارچە ........ 30
نەۋقىران كۆڭلۈم ........ 31

بىر بەختسىزنىڭ يىغىسى ........ 33
ئۇزۇن سەپەر ........ 34
ئــوتۇپ ........ 35
كوزۇم ........ 36
ياشلىغىمنى ئەسلىگەندە ........ 38
ئىلىم ـــ بىپايان پازىدۇر ........ 41
پارچە ........ 42
سۆيگۈ نىمە؟ ........ 43
هاۋايى نەسىمگە ........ 44
سۆيىمەن ھىجرانىنى ........ 45
ئوغلۇمغا پەندۇ ـ نەسىھەتىم ........ 46
پارچىلار ........ 48
نەپىسىمگە ........ 49
ئەپسۇس ........ 50
ياشلىغىمغا دەرىخا ! ........ 51
ھىجران ........ 52
ساڭــا ........ 54
سايرايمەن ........ 55
سۆيىمەن سىنى ........ 57
ياشلىق دىگەن ........ 58
يەنە ........ 60
گۈل ئىشقىدا ........ 61
**ۋاقتىــدۇر** ........ 63
ئۇلۇغ سەركەردە ........ 65
ۋەتىنىم ........ 67

ئىچىدە ........................ 69
يېڭى يىل ئىلھامى ........................ 71
نەسىھەتنامە ........................ 72
بىلىم ھەققىدە ........................ 74
سايرايمەن ........................ 76
ئۆزۈمگە ........................ 77
قەلبىمگە ........................ 79
باھار ........................ 81
ئانا يۇرتقا ........................ 82
ئۆزگىچە ........................ 84
ھاياتىڭ پارلاق ........................ 86
تاپتىم ........................ 88
يالغانچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى ........................ 89
يازغىن قەلەم! ........................ 91
شائىرانە خىيال ........................ 94
پەن ـ تېخنىكىغا مەدھىيە ........................ 96
ۋەتەن ھەققىدە مۇسەددەس ........................ 98
يۇرتۇم ........................ 100
ئۇستازىمغا ........................ 102
ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يەت! ........................ 104
بى مۇشەققەت يوق ھۈنەر ........................ 105
ئوغلۇمنىڭ خېتىگە جاۋاپ ........................ 106
دولانغا مۇھەببەت ........................ 110
تويۇڭغا مۇبارەك ........................ 113
بۇلبۇل بىلەن سۆھبەت ........................ 115

مۇئەللىم ........................ 117

ئويغاندىم ........................ 119

قەلبىم خىتاۋى ........................ 121

ئۆمۈرنى نەۋباھار ئۆتكۈز ........................ 123

تۇرمۇش ـــ مەكتەپ دىمەكتۇر ........................ 125

بۇلبۇل ۋە گۈلچى ........................ 126

پۈتمە ........................ 130

بېخىل (مەسەل) ........................ 131

تەسەۋۋۇر قىل ........................ 133

دوستۇمغا تەسەللى ........................ 134

ئاچكوز ........................ 136

جان ۋەتەن ھوسنۈڭگە بۇلبۇل مەن ........................ 139

سۆيگۈ توغرىسىدا ........................ 140

ھايات ھەققىدە مۇخەممەس ........................ 141

كەل ........................ 143

ۋەتەن سۆيگۈسى ........................ 144

شائىرنىڭ سوزى ........................ 145

ئۆمۈر ـــ ئاتقان ئوق ........................ 147

كېلىپ كورسەڭ ........................ 149

سوزلەرنىڭ ئىلھام ماگا ........................ 151

قوينۇڭ گۈلۈستان بولغۇسى ........................ 152

ئەستە تۇت! ........................ 154

كەتسە ........................ 155

تىكەندىن قورققان بۇلبۇل ئەمەس ........................ 156

موماي بىلەن قىز ........................ 158

ئېيتقان ئىدىڭغۇ، ئى كوككۆل؟ ................ 163
مەرسىيە ................................ 165
خوتەن ................................ 167
تارىخ ................................ 169
قەغەز ................................ 171
كەل ئى سازەندە! ...................... 172
تارىم دەرياسى ........................ 173
تەكەببۇرغا تەربىيە ...................... 176
پارچىلار ............................. 177
يىللار ............................... 178
تارىخنى ئىزگەن ....................... 180
يادىكار ............................. 182

# غەمكىن بېشىم

بۇ بېشىمنىڭ دۇنيادا ئۆتكەنمۇ غەمسىز بىردەمى،
يوق ئۆتىنىڭ بىر مەھرەمى، ئەسرارى، مۇشپىق ھەمدەمى.
ئاھ! يۈزىمنىڭ ئاھ! دۇر، بوكۇمى غۇربەت ئاستىدا،
ئۆتتى قاخشاپ ھەركۈنى، دەردىگە تاپماي مەرھەمى.
بولىسىچۇ بىر ئىچكويەر، دەردىمگە دەرمان كاشكى؟

كىمگە زارلاپ يىغلىسۇن، توكسۇن كوزىدىن شەبنەمى،
يوق ئىكەن بۇ چەرخىنىڭ تاقىدا بىر نەقشى ۋاپا،
بەلكى يۈز نەقشى جاپاسى بار پۈتۈلگەن مىلك غىمى.
تارت ئۆزۈڭنى ئى سۆزۈك دەۋرانغا قىلما ئىتىماد،
كوپدۇر ئاداۋەت دىلىدە، باردۇر ئىشىڭغا بەرھەمى.

1944 - يىل.

# پەلەكتىن شىكايەت

نېچۈن ئى چەرخ زالىم بىزگە بىداد ① ئەيلىدىڭ مۇنچە ؟
سىتەن تىغى بىلەن ئوزۈڭنى جەللاد ئەيلىدىڭ مۇنچە ؟
جاپا تاغىدگە تاشلاپ جەبرى بۇنياد ئەيلىدىڭ مۇنچە؟
سېلىپ ھىجران ئوتىغا دىلنى ناشاد ئەيلىدىڭ مۇنچە؟
رەقىپ بەزمىن يورۇتماق بىلەن ئاباد ئەيلىدىڭ مۇنچە؟

يىتىشمەس كە پىمىزگە شادىمانلىقتىن ھاۋا نېچۈن؟
توكۇلمەس جامىمىزگە قەترە ـ بىر قولتۇم داۋا نېچۈن؟
ھەمىشە قان يۇتارمىز تاپماي ئىنسانىي باھا نېچۈن؟
نېسىپ ئەتتىڭ رەقىپ ئەھلىگە يۈز زەۋقۇ ـ ساپا نېچۈن؟
زۇلۇم تاغىنى بىكەس ② لەرگە قات ـ قات ئەيلىدىڭ مۇنچە؟

نە قىلغانغا بۇ يەڭلىغ ھىلە تورىغا ئىلىندۇردۇڭ ؟
قىلىپ ناھەقلىغىڭنى، ھەقنى ناھەققە بېقىندۇردۇڭ؟
قىلىپ داغۇلدىلىقنى، ھەر قەدەمدە بىزنى پەنتۇردۇڭ؟
مالالەت چاڭلىرىنى بۇ سۇزۇك قەلبىمگە قوندۇردۇڭ،
نېچۈن ئى چەرخ زالىم بىزگە بىداد ئەيلىدىڭ مۇنچە ؟!

1944 - يىل ، 6 - ئاي.

---

① بىداد — زۇلۇم .
② بىكەس - بىچارە .

# چەرخكە خىتاپ

نىدۇر ئەيىبىم، گۇناھىم، چەتكە قاقتىڭ نابىار ئى چەرخ!
يامان كۆز بىلەن باقتىڭ مۇنچە قىلدىڭ خارۇ - زار، ئى چەرخ!
كۆڭۈلنى داغۇ-ھەسرەت بىلەن قىلدىڭ شۇئلەۋار① ئى چەرخ!
جاھاننى مۇنچە قىلدىڭ كۆزلىرىمگە گورى - تار، ئى چەرخ!
ئاداۋەت تاشلىرىدىن كۆكرىگىمنى زەخمىدار، ئى چەرخ!

نىمىشقا ئوت سېلىپ كۆڭلۈمگە ھەم جىسمىمنى ياندۇردۇڭ؟
قويۇپ توغرىنى تەشنالىقتا، ئەگرىلەرنى قاندۇردۇڭ؟
ھەقىقەت مەشئىلىنى ئۆچۈرۈپ، زۇلمەتتە قالدۇردۇڭ؟
ئۇياتماستىن ئۆزۈڭگە پەخىر ئەيلەپ ناغرا چالدۇردۇڭ؟
بى ئار، شەرمەندە، رەسۋالىقتا داڭلىق-نامدار ئى چەرخ!

جاھاندا قالدىمۇ سەن قىلمىغان ھېچ ئەسكىلىك بىزگە؟
قاچان سايەڭدە بولدى بىر پاراغەت - كەڭرىلىك بىزگە؟
قىلۇرسەن دەمبەدەم بىر يېڭىگىنە — ئەگرىلىك بىزگە؟
بولۇپدۇر ئادىتىڭ بوھتان بىلەن شەرمەندىلىك بىزگە،
قاچان بولغان يۈزۈڭدە، نە سۆزۈڭدە ئېتىۋار ئى چەرخ!

① شۇئلەۋار - ئوتنىڭ شولىسى - ئوتلۇق.

زۇلۇم ئوتىدا ئورتەپ ئەلنى قىلدىڭ سەن بوزەك تاكى،
كورەرسەن قىلمىشىڭنىڭ مېۋەسىنى كېلىچەك تاكى.
ئوزۇڭنى زور بىلىپ مەغرۇر بولۇرسەن ئى پەلەك تاكى،
بولۇرسەن ئاقىۋەت مەزلۇملەر ئاھىدىن ھىلاك تاكى،
بۇ تارىخىي ھوكۇمدۇر، قانغا-قاندۇر، قەرزدار ئى چەرخ!

1945 - يىل، 3 - ئاي.

# غـەم

كوزلىرىمنى قىلدى مۇنچە دەمبەدەم ھەيرانە غەم،
خاتىرەمنى ئۇنچى ـ ماجاندەك چىچىپ ھەر يانە غەم.

قوغلىغاي قاچسام قۇتۇلماقنىڭ ئىلاجى بولمىغاي،
ئەيلىگەي كوڭلۇمنى بىئارام قىلىپ ۋەيرانە غەم.

مەن قۇرۇتماق بولسەمن غەم يىلتىزىنى ھەر كۇنى،
تۇگىمەك ئورنىغا بولغاي ھەر بىرى مىڭ دانە غەم.

نە قىساسى بار ئىدى بۇ غەمنىڭ مەندە بىلمىدىم،
ئوت بولۇپ كويدۇردى ئۇ،قىلدى مىنى پەرۋانە غەم.

بىر ئەسىرى غەم بولۇپ جاندا پاراغەت قالمىدى،
كوڭلى قاتتىق، تاش يۇرەكلىكتە ئەجەپ يىگانە غەم.

ھىچكىمگە بولمىغاي بىر زەررە مۇشپىق، مېھرىبان،
تاش ئىرۇر ھىچ يۇمشىماس ھەم ئىرىمەس مۇزخانە غەم.

قىرىتارمەن دەپ مىنى، قىلغاي ھەمىشە پوپوزا.
قارا مۇشۇك كورسىتىشنى قىلدى ئۇ دەسمايە غەم.

ئاز ئەمەستۇر قىلغان-ئەتكەن ئىشلىرى - دۇشمەنلىكى،
سالدى زۇلمەت بۇلۇتىدىن بىر قاراڭغۇ سايە غەم.

دائىما ھەمرا ماڭا يوق ئايرىلىشنىڭ چارىسى،
ئەل ئارا داستان بولۇپ تارقالدى بۇ ئەپسانە غەم.

قانچە غەم چەكسەممۇ مەيلىدۇر ئىگىلمەيدۇ بېشىم،
ئۆرۈنۈپ بوي ئەگدۈرۈشكە بولمىسۇن ئاۋارە غەم.

بۇ دىلىم تۇرمۇشنى كوزلەپ چىقمىغاي ھەق يولىدىن،
قىلسا مەيلىدۇر دىلىمنى لەختە - لەختە پارە غەم.

تۇتتى كوڭلۇم سەھنەسىدە بىر ئۇلۇغ غايە ماكان،
بۇ سۆزۈكنى ئاجرىتالماس غايەدىن بىگانە غەم.

1945 - يىل، 5 - ئاي.

## كۇنلەر

كۇنلەر ئۆتىدىكەن كارۋاندەك مېڭىپ ،
ھاياتنى ئۇپرىتىپ تۇرمۇشنىڭ غېمى .
كونىسى كەتسە، يېڭىسى كېلىپ ،
ئۆزگىرىپ تۇراركەن ئادەمنىڭ ئېڭى .

غەم - غۇسسە يامغۇرى ياغار توختاۋسىز ،
تارىخ بۇلۇتلىرى يامغۇرغا سەخى .
قايغۇلار تاغ كەبى باسار ئاياۋسىز ،
ئۇممەت ئۆز ئالدىشىدىن توختىماس تېخى .

شۇندا ھەم ئۇممەتنىڭ تارىخى چەكتۇك ،
ئۇزمەستىن ئوقۇدۇق جاراڭلىق ناخشا .
ئۇممەت بېخلىرىغا قاندىن سۇ بەردۇك ،
خاتىرە نەقشى بار تارىخى تاشتا .

كۇنلەر بولماقتىدۇر سەپ تۈزۈپ راۋان ،
يولدا قالدۇرۇپ ئۇزۇلمەي غەۋغا .

ئەرك ئۈچۈن كوتەردۈك دەھشەتلىك بوران،
بۇ ئىلھام ئەرك سۆيگەن ئىنسانىغا سوۋغا.

شۇ ئۆتكەن كۈنلەردىن ياسالدى تارىخ،
قالدۇرۇپ ئەۋلاتقا ئىبرەتلىك داستان.
نىجاتلىق ئىزلىگەن ئاق دىل ئىنسانلار،
تاپىدۇ دەردىگە جەڭگاھدىن دەرمان.

1945 - يىل، 5 - ئاي.



## دوستۇمغا

بايان قىل نە ئۇچۇن دوستۇم، بۇ دەرتكە مۇپتىلادۇرسەن؟
قاچانلاردىن بېرى ئى دىل شىكەستە، بىناۋادۇرسەن؟
چېكەرسەن مۇنچە كوپ غەملەر، تىلىڭدا ئاھۇۋادۇرسەن،
ئەگەر دەردىڭگە ھىچ دەرمان تېپىلماي بى داۋادۇرسەن؟
نەئىزلەرسەن، تەلەپ دەشتىدە كەزگەن بىرگادادۇرسەن؟

سېنىڭ بۇ ھىسلىگەر كوز ياكى كوكسۇڭگە تاش ئاتقانمۇ؟
ۋەيا بۇ زورلاۋان زورلۇق تىغىن باشىڭغا تارتقانمۇ؟
بولۇپدۇر تور ـ توشۇك باغرىڭ ئۇقۇبەت ئوقى پاتقانمۇ؟
ئېلىپ ئەركىڭنى قولدىن،قۇل قىلىپ قۇلدارغا ساتقانمۇ؟
دىماغىڭدىن چىقار دۇتلەر، چىرايىڭ كەھرىۋادۇر سەن.

خىيالىڭ مىسلى خامان كەبى سۇرۇلمىش بۇ سەۋدادە،
ۋە لېكىن شۇم پەلەك ھالىڭغا بولماس زەررە پەرۋادە،
قويۇن يەڭلىغ ئەگەرچە قانچە كەزسەڭ دەشتۇ ـ سەھرادە،
ھەقىقەتتىن ھىچ ئەسەر تاپمىغىڭدۇر ئۇشبۇ ئەسنادە،
يېتىپ قەدرىڭگە بۇ خارلىق ئىگىڭدە كەم باھادۇرسەن.

يېراقتۇر ئاسمان، يەر قاتتىق، ئەھۋالىڭ زەبۇن شۇنچە،
كوتەردىڭ دەردۇ ـ كۇلپەت يۇكىنى، باغرىڭدا خۇن شۇنچە،
سېنى بۇ ھالىغا تاشلاپ قايسى كۇچ قىلدى « ئويۇن » شۇنچە؟
تاگاتماس كېچىمۇ، بۇ نە ئۇچۇن بولدى ئۇزۇن شۇنچە؟
قاچاندىن بېرى ئى دوستۇم بۇخىل بەختى قارادۇرسەن؟

مالالەت قامىتىڭ ـ بەستىڭگە يۇك بولغان ئېغىر تاغدۇر،
مەگەر كوڭلۇڭ سېنىڭ ئەل قايغۇسى ـ دەردىگە ئورتاقتۇر،
ۋەتەنپەرۋەر كىشىنىڭ قىسمىتى قانلارنى يۇتماقتۇر،
شۇنىڭ ئۇچۇن ئەزىزىم كوكرىگىڭ ئارمان بىلەن داغدۇر،
ۋەتەن قايغۇ ـ غېمىگە، ھەسرىتىگە ئاشنادۇرسەن.

جاپا ھەر جەبرى چەكسەڭ چىدا، ئوز غايەڭگە سادىق بول!
مۇشەققەت تاغىنى قاز، ئوزنى پەرھات ئەيلە ئاشىق بول!
بولۇپ ئاتەشكە ئاشىق، ئايلىنار پەرۋانە چاغلىق بول!
ئۇمىتۋار بول! كۇرەش سازىنى چال! ئىشلەشتە ئاگلىق بول!
ئاشار غايەڭ ئەمەلگە ئاقىۋەت مەتلۇپ راۋادۇرسەن.

1945 ـ يىل، 8 ـ ئاي

## بىر دەرتمەنىنىڭ ئۆز بەختىدىن شىكايىتى

زەبۇن بەختىم، قارا بەختىم، ساقايماس بۇ يارا بەختىم،
كوزى ئالدىدا بۇ دۇنيا يۈزى ماتەم سەرا بەختىم،
جاراھەتلىك دىلى دائىم، غېمى بى ئىنتىھا بەختىم،
گىرىپتارى ئەلەم بولغان قەپەزگە مۇپتالا بەختىم،
غەمى ئەپزۇن ① دىلى مەھزۇن، زەھەر ـ زەققۇم غىزا بەختىم.

بېشىنى قويغىلى يوقتۇر جاھاندا بىرغىرىچ جايى،
قولىنى ئالغۇدەك دوستى، نە بولسۇن مېھرىبان يارى،
كۆزى تۇندۇر قارا گوردەك، پەلەكنىڭ بارمۇ پەرۋايى،
قۇلاقلەرگە يېتىشمەيدۇ ئۇنىڭ پەرياد بىلەن ئاھى،
كىشى دادىغا يەتمەيدۇ، ئۇمىدى بى داۋا بەختىم.

دىلى قايغۇ بىلەن تولغان بۇلۇتلۇق ئاسمان گويا،
زامانىنىڭ زەپتى ـ زۇلمىدىن چىرايى زەپىران گويا،
دىماغىدىن چىقارمىش دۇت، زامان بەرمەي ئامان گويا،
تېمىسپ لەئلى بەدەخشاندەك كوزىدىن يەرگە قان گويا،
قەيەردە دەرت ـ ئەلەم بولسا رەپىقۇ ـ ئاشىنا بەختىم.

① ئەپزۇن ـــ كوپ

تېپىلمايدۇ ئۇنىڭ سىلى بۇ ئەيۋانى جاھان ئىچرە،
سانالماي ياخشىلاردىن ھېچ چىقىپ نامى يامان ئىچرە،
بېشى پاتمايدۇ ئالەمگە، تونۇلغاندۇر گۇمان ئىچرە،
تۇرارغا ئىختىيارى يوق ئۇچۇن ھەريان بوران ئىچرە،
سامانىدىن ئېتىبارى كەمدۇر، قەدرىدىن جۇدا بەختىم.

بولۇپتۇر بۇ چۈمەن قوينى ئاڭا چاھى بىژەن ① يەڭلىغ،
تۇغۇلغان ئۆز دىيارىدە يۈرەر خار، بى ۋەتەن يەڭلىغ،
جاھاندا يوق ئىزرۇر دەپسەندە بولغان بۇ چۈمەن يەڭلىغ،
كورەر گۈلزارى ھوسنىنى رەقىپلەر بىر تىكەن يەڭلىغ،
ھەمىشە ئاڭلىشى دەشنام ـ ھاقارەت، ناسىزا بەختىم.

پەلەك جانلاردىن تىغ تارتىپ قېنىم تۆكمەككە قوزغالدى،
سېلىپ نەشتەر، زەھەر ئالۇر يەنە كوكسۈمگە داغ سالدى،
تۇسۇپ ئەدلۇ ـ ئادالەتنى، ھەقىقەتكە تاقاق سالدى،
ئەگەر سوز ئاچسا ھەربىر تىل قىلىپ تەھدىت تۇۋاق سالدى،
ھىكايەت كوپ بايان قىلسام تۈگەنمەس ماجرا بەختىم.

1945 - يىل، 9- ئاي.

① چاھى بىژەن — پىردەۋسى شاھنامىسىدىكى بىژەن دەپ ئاتالغان سىركەردە قامالغان چاھ ـ زىندان.

# زامان

ئارزۇلەرگە نەزەرسىز ئوتتى بىپەرۋا زامان،
ھىلىگەر، مەككار، مەتتۇملۇق بىلەن يەكتا زامان.
مەن زاماننى قىلمىغانتىم مۇنچە زالىم دەپ خىيال،
بۇ خىيالنى ئاستىن - ئۈستۈن ئەتتى بۇ رەسۋا زامان.

بار ئىدى دىللاردا ئاندىن چىن جارائەت - زىددىلەر،
بۇ جاراھەتلەرگە بەس، تۇز سەپتى بۇ تەرسا زامان.
بىگۇنالەر قەلبىگە نەشتەر ئۇرۇشتىن توختىماي،
ئىچتى مەزلۇملەر قېنىنى، قانغا بۇ تەشنا زامان.

بۇ زامان ئۆزىنى پاش ئەتتى بۇزۇق گىردارىدىن، (1)
شۇبھىسىز زاۋالىغا يۈزلەندى چوقۇم گۇمرا زامان.
تونۇدۇق ئەمدە زاماننىڭ تەھتىنى كوزنى ئاچىپ،
بى نومۇستۇر، بى رەھىمدۇر ئادىتى ئىغۋا زامان.

1945 - يىل 11 - ئاي.

---

(1) گىردار — ئادەت، قىلىق، قىلمىشى.

# پۇتكۇل خاتا

بۇ زاماننى تونۇماستىن ئۆتكىنىڭ پۇتكۇل خاتا،
مۇنچە غەپلەت ئۇيقىسىدا چوككىنىڭ پۇتكۇل خاتا،
دەردىڭگە بولماس داۋا، ياش توككىنىڭ پۇتكۇل خاتا،
ئازغىنا بىر ئىشنى كورسەڭ ھۇرككىنىڭ پۇتكۇل خاتا،
يوقمۇ سەندە بىر شىجائەت، قورققۇنۇڭ پۇتكۇل خاتا.

ئوز يولىنىڭ ھەقلىقىغە كىم ئىشەنچ قىلسا ھامان،
بۇ ئىشەنچتىن ئوز ۋۇجۇدىغا تاپار قۇۋۋەت شۇئان،
قايتمىغاي بولسا يولىدا خاھى تاغ، خاھى داۋان،
يانمىغاي باسقان ئىزىدىن شىر سۈپەت بولغاي راۋان،
بۇ ھەقىقەتكە گۇمانلىق بولغىنىڭ پۇتكۇل خاتا.

ئەمەس ئادەم — ئوز ئېلىنىڭ دەردىدە ئورتەنمىسە،
بولمىسا زۇلمۇ - ستەمگە نەپرىتى يىركەنمىسە،
قۇتۇلۇش يولىنى ئەقلىن ئىشلىتىپ، ئوركەنمىسە،
بولسا غەمسىز بىر كوتەكتەك تەپسىمۇ تەۋرەنمىسە،
بۇ ئولۇككە جان بىرەي دەپ ئورۇنغىنىڭ پۇتكۇل خاتا.

شۇ زىمىنگە دان چىچىپ ئالدانىما، سۈنبۈل ئۈنمىگەي،
بۇ يامان يەرگە كىشى ئاۋارە ئىشلەپ يۈرمىگەي،
توكمە سوزنىڭ گەۋھەرىن نادانغا، ئەسلا بىلمىگەي.
ئۈيغىنىپ بولماس ئۇنى، ھۇشىغا ھەرگىز كەلمىگەي.
بۇ كوكەرمەس شورغا دىخان بولغىنىڭ پۈتكۈل خاتا.

باسما ناگاھى پالاكەت تاغى باشىڭنى سىنىڭ،
كۈتسە ئۈشتۈمتۈت ھالاكەت چاھى باشىڭنى سىنىڭ،
يىرتسا كوكسۈڭنى جاپا تىر ناغى باغرىڭنى سىنىڭ،
قىلسا ئالودە زەھەر ناگاھى ئاشىڭنى سىنىڭ،
سەپدىشىڭنى ئوز پۈتۈڭگە چاتقىنىڭ پۈتكۈل خاتا.

مەقسىدى بولغاي ھى سەر، كىمكى ئازماي يول تۇتار،
دوستلىرى كوپتۈر ھەقىقەت سۈيگۈچىنىڭ قول تۇتار،
ئويلا، ئىستىقبال ساڭا باغلاپ ئۈمىتلەر ــ كوز تۇتار،
ئۈچ ئىگىز، بۈركۈتكە ئوخشاش سال يىراقلارغا نەزەر،
ئۈچ، بەلەن پەسلەرگە ئەگىپ قونغىنىڭ پۈتكۈل خاتا.

بول تومۇردەك، دۈشمىنىڭ سىرىڭنى ئالماق ئىزلىسە،
پۈكمە تىز، تەسلىم بولۇشقا قانچە قىيناپ قىستاسە،
ئىچمە ئالداپ تۇتسا مەي، چىن پۈتمە شىرىن سوزلىسە.
پۈتمە نەيرەڭ ئىشلىتىپ، تاغلارنى يوتكەپ تۈزلىسە،
تىك تۇرۇپ ئولگەن تۈزۈك، بوي ئەگكىنىڭ پۈتكۈل خاتا.

ئۆز ئېلىنىڭ ھالىغا باقمىن، نەكېچەر كۆڭلى ئۇنىڭ،
قالدىمۇ قىلچە جاھاندا ئىززىتى، ئورنى ئۇنىڭ.
بورىلەر ئىلكىدە قويدەك قان ئىرۇر بورنى ئۇنىڭ،
نان پۈتۈن قىلماق غېمىدە ئوتىدۇ ئۆمرى ئۇنىڭ،
ئويلىماي خەلقىڭنى، بى غەم يۈرگىنىڭ پۈتكۈل خاتا.

دۇنيادا تەڭداش تېپىلماس — قەدىردان يۇرتۇڭ سېنىڭ،
تۇپرىغى كوزلەرگە سۈرمە — جانىجان يۇرتۇڭ سېنىڭ،
ئوتمۇشى شەۋكەتكە تولغان قەھرىمان يۇرتۇڭ سېنىڭ،
قالدى بۇ كۈنلەردە نىچۈن ناتىۋان يۇرتۇڭ سېنىڭ،
سەۋەبىنى سەن چۈشەنمەي تۇرغىنىڭ پۈتكۈل خاتا.

تۇلكە دۇشمەن بەزمىدە مەي ئىچمە، ۋىجدان بولسا گەر،
ئۆز ئېلىڭنىڭ مېھرىدىن ۋاز كەچمە، ۋىجدان بولسا گەر،
تاغ كەبى بول بەر قارار، تەۋرەنمە، ۋىجدان بولسا گەر،
توغرا يولدىن چىقما ھەرگىز، سەندە ۋىجدان بولسا گەر،
ئى سۆزۈك بول ئوت يۈرەكلىك، ئۈچكىنىڭ پۈتكۈل خاتا.

1946 - يىل، 4 - ئاي.

# ئۆتەر دەۋران

كۈن چىقار، كۈن پاتار ئۆتەر دەۋران،
ھېچ ساقايماس داغ بىلەن ئارمان.

زوراۋانلار قولىدا ئەنگۈشتەر،
ناتىۋانلار بوغزىدا خەنجەر.

قويىنا بولدى پاسىبان بۆرى،
بولدى زۇلمەت ئەھلىنىڭ دەۋرى.

سۇ باشىدىن لاي بولۇپ ئاقتى،
كوزدە قانلىق ياش تولۇپ ئاقتى.

قارىلاندى كىمكى ئاق بولسا،
قەدىرلەندى كىم بۇزۇق بولسا.

ئەلنى قاپلاپ ئالدى تىرورلۇق،
ھوكۈمراندۇر يۇرتتا قانخورلۇق.

بولدى پاششاپ بولسا كىم ئوغرى،
قالدى توھمەتكە ئاقكوڭۇل، توغرى.

كورستىپ ياغ، ئوپكىنى ساتقان،
ئوزىنى ماختاپ پاختىلار ئاتقان.

كورستىدۇ ئوزىنى پەرىشتە،
پارىخورلۇق ۋاستە ئىشىدە.

چەرخ زالىم ئاستىن ـ ئۈستۈن بول!
بىخ ۋە بۇنيادىڭ ① قومۇرۇل ! گۇم بول!

قىرىغانىنى ئورىسەن ئاخىر،
ھوكمى تارىخ بولغۇسى زاھىر.

قىلمىشىڭ كوپ جاۋاپقا تەييارلان!
قانغا ـ قان بەرمەي قاچان ئىمكان!؟

1947 ـ يىل، 7 ـ ئاي.

---

① بۇنياد ـ يىلتىز

# ئەسلىڭ شۇ ھامان

چېھرەڭدىن مىڭ دەۋزەخ ئىرۇر نامايان،
كوڭلۇڭ تار، كۆزۈڭ ئاچ شەرمىسىز زامان!
مىڭ نىقاپ تارتساڭمۇ ئەسلىڭ شۇ ھامان،
خۇنخورسەن، يىرتقۇچسەن، تىرنافلىرىڭ قان.

دەستۇرۇلئەمەلدۇر (1) ساڭا قانخورلۇق،
گۇناسىز باش كېسىپ تىكلىمەك مۇنار.
ئادىتىڭ — ياخشىغا يامانلىق، زورلۇق،
يامانغا ھەر قاچان بولۇش مەدەتكار.

ساڭا ئۈمىت باغلىغان دىللەرگە لەنەت!
خۇشامەت قىلىپ ماختىغان تىللەرگە لەنەت!
تەڭسىزلىك مەنبەئى — زۇلمەت ئوچىغى،
قۇچىغىڭدا ئۆتكەن يىللەرگە لەنەت!

ئاخىرى ساڭىمۇ زاۋاللىق يېتەر،
ئاققۇسى شۇ چاغدا كۆزلىرىڭدىن قان.
چاقنار چېكسىزدە ئۈمىت چىچىگى،
سۆزۈك تاڭ يۈز ئاچار، كېتىپ شەبىستان (2)

1947- يىل، 12 - ئاي.

(1) دەستۇرۇلئەمەل - قوللانما
(2) شەبىستان - قاراڭغۇلۇق، كېچە

# غازلار ئۇچقاندا

ئىسسىق ياققا قاراپ سەپ تۈزۈپ قاتار،
تۇرمە ئۈستىدە بىر توپ غاز ئۇچار.
قانات شەپىلىرى قۇلاققا يەتكەچ،
ئەركىنلىك ئىشقى يۈرەكتە يانار.

" ئەركىنلىك ئەجەپ قىممەت بىر نەرسە،
ئىنسانىيەتكە گەۋھەردىن ئارتۇق.
ئەركسىزلىكتىكى يۈتقان ھەر نەپەس،
گويا كى بولۇر زەھەردىن ئارتۇق."

كوكۇلگە تولغان شۇ خىيال بىلەن،
غازلارغا قاراپ قالدىم بىر مىنۇت.
تەسەللى بېرىپ دىدىم ئۆزۈمگە:
" قۇياش چىققۇسى يېرىلىپ بۇلۇت".

1947 - يىل.

## ئەركىنلىك ئىشقى

ئەگەر رۇخسارىڭ ئاندا بولمىسا، ھېچ باغ ئەمەس گۈلزار،
سېنىڭسىز ئۇشبۇ دۇنيا بىزگە ھەرگىز بولمىغاي دەركار.

ئەمەس ئىنسان ئەگەر كىم، قىلمىسا بۇ سوزگە چىن تەستىق،
سېنىڭسىز كىم دېسە " بەختۇ ــ سائادەت " بۇ قۇرۇق گۇپتار.

سېنىڭسىز كىمكى دەۋران بەزمىدە چەكمەكچىدۇر تەمبۇر،
سېنىڭسىز كىم غەزەلخانلىقنى ئىستەر ئول ئەمەس ھوشيار.

جاھان ئەھلىگە گوياسەن ئىرۇرسەن لەيلى، شىرىندەك،
سېنىڭ ئىشقىڭدا مىليونلەر ئىرۇر پەرھاد، مەجنۇن زار.

---

ئىرۇرسەن بۇ قاناتتەك سەن بىلەن پەرۋاز ئېتەر جانلىق،
سېنىڭدىن كىمكى ئايرىلسا قاناتسىز قالدى ئول شۇڭقار.

سىنىڭسىز زەندەلىك① دىن مۇردە② بولغان مىڭ تۇمەن ياخشى،
سىنىڭسىز دۇر ئۇپۇق مەيدانى گويا گورغا ئوخشاش تار.

ئىرۇرسەن تەشنەلەرگە سۇغا ئوخشاش بىر زەرۇر ئەشيا،
قاراڭغۇ تۈندە قالغانلەرگە كۈندەك بىر يورۇق رۇخسار.

سىنىڭسىز پەن، سەنئەت كەشپىياتى بولمىغاي مەۋجۇت،
ئىجادىيەت گۈلۈستانىغا سەنسىز ئاقمىغاي ئەنهار③.

تىلەر بۇ شائىرىڭ كوپتىن بىرى ئەيىامى ۋەسلىڭنى،
ئالۇر جان نەقدگە ۋەسلىڭ شارابىنى، بولۇپ خۇشتار.

سىنىڭ ئىسمىڭ جاھان ئەھلىگە ئەركىنلىك بىلەن مەشھۇر،
سۆزۈك ئىنسانىيەت قەلبىنى مەپتۇن ئەيلىدىڭ ئى يار.

1948- يىل.

---

① زەندەلىك — تىرىكلىك
② مۇردە — ئۆلۈك
③ ئەنهار — ئۆستەڭ، دەريا.

# ئىزلىسە

ئەرزىگەي بۇلبۇل دىسەڭ، ھەركىمكى گۈلزار ئىزلىسە،
بەلكى گۈلزار ئىچىدە بىر گۈلگە خۇمار ئىزلىسە.

مۇددىئا گۈلزار سوزىدىن غايەۋى مەزمۇن ئىرۇر،
كىم بۇ مەزمۇن تەھتىگە يەتمەكنى دەركار ئىزلىسە.

كىم مۇشەققەتتىن ئەگەر باش تارتسا ئاشىق بولمىغاي،
تاپمىغاي مەقسەتكە يول، بى رەنج دىدار ئىزلىسە،

ئاچچىق ـ ئاچچىق غەم يۇتۇپ، باغرىنى خۇناپ ئەيلىگەي،
كىمكى ھىجران بابىدىن بىر ئەكس دىلدار ئىزلىسە.

ئۇرغاي ئوتقا ئوزىنى پەرۋانە يەڭلىغ ئول كىشى،
شەمئى ھوسنىگە ئەگەر جانىنى خېرىدار ئىزلىسە.

لازىم ئۇل جەبرۇ-مۇشەققەت ئوتىدا تاۋلانمىغى،
مەسلى زەردەك بۇقەدە كويمەك ئۇچۇن نار① ئىزلىسە.

كىمكى ھىجران لەرزىتىن، قەدرىنى بىلمەيدۇ ئەگەر،
چىقسۇن ئۇل سۇيگۇ يولىدىن چەتكە، ئىنكار ئىزلىسە.

بەس، تىكەن ئازارىدىن ئوزىنى ئالماس دالدىغا،
كىم سۇزۇكتەك ئوزىنى گۇلگە تەلەپكار ئىزلىسە.

1948 - يىل، 3 - ئاي

① نار - ئوت

# تاپ!

ئىزدىتقۇلاردىن ئاجراتقىن ئۆزۈڭنى، توغرى بىر يول تاپ!
غەزەلەردىن دىلى خالى، مۇنەۋۋەر يار مەقبۇل تاپ!

تىلەرسەن مەنزىلى مەقسەتكە يەتمەكنى ئەگەر چىندىن،
داۋانلارنى بېسىپ ئۆت، تايما يولدىن، ئۆزنى دۇلدۇل تاپ!

تىكەن زەخمىگە پەرۋا ئەيلىمە، داد ئەتمە ھەر كىمگە،
ئەگەر گۈلشەن تىلەكدۇر، بول پىدا، ئۆزۈڭنى بۇلبۇل تاپ!

چۈمەن كوپدۇر جاھاندا، ھەر چۈمەنگە باغلىما دىلنى،
خازانسىز بىر چۈمەن تاپ، بۇ چۈمەندە توزىماس گۈل تاپ!

يىراقلارغا نەزەر تاشلا! بىلىمدىن جامى جەمشىد قىل،
بىلىم ئايىنەسىدە باق جاھانغا، ياخشى مەزمۇن تاپ!

خۇمارىڭ دەپئىگە شائىر شارابى ۋەسلى ئىزلەرسەن،
ئۆزۈڭنى ھەر زامان خۇنابە يۇتماق بىلەن مەشغۇل تاپ!

رەقىپلەر بەزمى، ياتلەر سازىدىن بىزار ئىرۇر شائىر،
ئاگائى بەخت! مىللى ئەنچۈمەن تاپ! ياخشى مەرغۇل تاپ!

1948 - يىل، 5 - ئاي.

# ئى جاھان

كۆلمىدىم بىر قانغۇدەك ئۆمرۈمدە سەندىن ئى جاھان!
قايغۇلۇق بولدى ماڭا قوينۇڭدا كەچكەن ھەر زامان.
بىلمىدىم قانداق جىنايەت ئۆتتى مەندىن قايسى ئەيىپ؟
نە ئۈچۈن مۇنداق زۇلۇملەر ئەيلىدىڭ بەرمەي ئامان؟

ياخشىنىڭ يولىنى تار قىلدىڭ ئاڭا توسقۇن بولۇپ،
يولىنى كەڭ ئەيلىدىڭ ــ ھەر كىم ئەگەر بولسا يامان.
كىمكى سۇ كەلتۈرسە قىلدىڭ خارۇ - زار، ئۇسسۇز ئۇنى،
كوزىنى كىم چاقسا بەلكىم سەن ئىزىز ئەتتىڭ ھامان.

كىمكى گۈل ئۈندۈرسە باغرىڭا تىككەن سانچىلدۇرۇپ،
كىم گۈلۈستانىنى خاراپ ئەتسە دىدىڭ سەن قەھرىمان.
بىل شۇنى بۇ قىلمىشىڭغا ئاقىۋەت باردۇر سوراق،
تىرىغانىنى ئورىغايسەن ھوكمى تارىخ بىگۇمان.

1948- يىل، 7- ئاي.

# سۆي ۋەتەننى جان بىلەن

ئى ئوغۇل سۆيمەكچى بولساڭ،سۆي ۋەتەننى جان بىلەن،
قىل ۋەتەننىڭ خىزمىتىنى جان تىكىپ ۋىجدان بىلەن.

ئورنىتىپ مېھرىڭ ئۇنىڭ،قەلبىڭنى روشەن ئەيلىگىن،
مىسلى زۇلمەت يورۇغان يەڭلىغ مەھى تابان ① بىلەن.

كىمكى مەزلۇم ئەل تەرەپتە ــ بول ئاڭا مۇشپىق، رەپىق،
تارتما بوي بىر جايدا، ئەلنىڭ غېمى يوق نادان بىلەن.

سال دىلىڭغا ئارزۇ ـ ئارمانىڭ يەكت ② گەۋھىرىن،
كىشى ئادەمدۇر ــ مۇقەددەس ئارزۇ ـ ئارمان بىلەن.

كەل ئۇلۇم مەيدانىغا، پۇرسەت تەقەززا ئەيلىسە،
چاقمىغىن ئارقاڭغا ئەسلا، مەرت ئۇلۇر جەۋلان بىلەن.

---

① مەھى تابان ـ تولۇن ئاي

② يەكت ـ مىسلى يوق، يېگانە، بىرلا

قورغۇنەك بولماقنى ئاربىل، بول كۇرەشنىڭ ،ۇركۇتى،
تىرە - زۇلمەتنى پاچاقلا خەنجەرى بورران ① بىلەن.

بىللە بولما بەدنىيەتلەر سوھبىتىدە - بەزمىدە،
ئىچكىچە بىللە قەدەھنى، يۇت ئەلەمنى قان بىلەن.

ئى سۇزۇك ئەلنىڭ غىمىنى قىل ئۇزۇڭنىڭ يولدىشى،
بەختلىكتۇر كىمكى بولسا بۇ غىمى جانان بىلەن.

1949 - يىل، 1- ئاي.

① خەنجەرى بورران — ئوتتۇر [illegible]

# ئېيت!

تاشسا كۆڭلۈڭ مەۋج ئۇرۇپ، بىر مەھرەمى - ئەسرارغا ئېيت!
كىم ئەسىرى دەردۇ - غەم بولسا، بېرىپ ئول يارغا ئېيت!

ئېيتما بى دەرتلەرگە زىنھار رەنجى-پىنھانىڭنى سەن،
گەنجى پىنھانىڭنى بۇ گەنج ئىشقىدا بىمارغا ئېيت!

چەكتىڭ ئول كۆلپەتلىنى،كى زەخمىدىن قاندۇر دىلىڭ،
زەخمىلىك قەلبىڭگە مەلھەم بولغۇچى دىلدارغا ئېيت!

كوكرىگىڭ كانىدا سىرىڭ گەۋھىرىدۇر قەدرىنى،
ئوزگىلەر بىلمەس ئۇنى، گوھەر شىناس خوشتارغا ئېيت!

ئاچما غايىپلەرگە تىل، نادانلەرگە ئەسرار دېمىرىن،
ھەر سوزىڭىم ئاندىدۇر، چولپان كەبى بىدارغا ئېيت!

ئى سۆزۈك كوڭلۈڭنى ئورتەيدۇ ۋەتەن ئىشقى ئوتى،
كىم خەۋەردار بولسا بۇ ئوتتىن، ئوشۇل ھۇشيارغا ئېيت!

1949 - يىل.

## پارچە

ئەجەپ ھىجران ئوتى ئورتەپ، يۈرەك باغرىم كاۋاپ قىلدى،
يېنىپ تۇرغان يۈرەك دوتى بۇراپ ھالىم خاراپ قىلدى،
ئوچۇرمەككە ئىلاج تاپماي، ئېقىتتىم سۇ قىلىپ ياشىم،
تۈگەپ ياشىم سۈيى ۋاپاب، ئازاپ ئۈزرە ئازاپ قىلدى.

1949 - يىل.



# نەۋقىران كۆڭلۈم

تۇرالماس ھىچقاچان توختاپ ئىزىدە بىر زامان كۆڭلۈم،
ھەمىشە ئالدىراشلىقتا چاپار تىنىماي ھامان كۆڭلۈم.

قىلۇر شوخلۇق، ئىرۇر بەڭۋاش نەسىھەت ئاڭا تەسىرسىز،
يۈرەر ھەر بارە ئۆز بىلگەن يولىدا بۇ نادان كۆڭلۈم.

كىشىگە قىلچە سەزدۈرمەس ئۆزىنىڭ سىرى ـ ئەسرارىن،
سوئال بەرسە سۈكۈت قىلغاي، جاۋاپسىز بى زابان كۆڭلۈم.

يىگىتلىكتۇر تەمەنناسى، تىنىم تاپمايدۇ بىر سائەت،
قېرىلىقنى خىيال ئەتمەس، ھەمىشە نەۋقىران كۆڭلۈم.

سېكۇنتتا كېزەر دۇنيا يۈزىنى ئايلىنىپ نەچچە،
بۇلۇتلارنى يېرىپ، پەرۋاز قىلۇر بۇ قەھرىمان كۆڭلۈم.

ئىگىز تاغلار، دېڭىز ـ ئوكيانغا ئۇ قىلچە پىسەنت ئەتمەس،
يۇمۇپ ـ ئاچقۇنچە كىرپىكنى، ئۆتەر ئاتلاپ داۋان كۆڭلۈم.

كۆڭۈل چوڭمۇ ئۈزۈڭدىن دەپ نەسىھەت قىلماڭ ئى دوستلار!
بوي ئەگدۈرگەن ۋۇجۇدۇم مۇلكىنى، بۇ ھوكمىران كۆڭلۈم،

ئەچى تولغان ئۈنىڭ تارىخىي ئىبرەتلەر يەكۈنىدىن،
توگەنمەس ماجرالاردىن تۈزۈلگەن داستان، كۆڭلۈم!

ۋەتەن ئوغلانلىرىگە ئىسسىغى كۈن، نەۋباھار يەڭلىغ،
ۋەتەن دۈشمەنلىرىگە ئېرىمەس مۇز - قەھرىتان، كۆڭلۈم.

1949 - يىل

# بىر بەختسىزنىڭ يىغىسى

بەختسىزلىكتىن ئۈزارغان كېچىگە بولدۇم دۇچار،
تەلمۈرۈپ كۈتتۈم يورۇغلۇقنى، بولۇپ كوپ ئىنتىزار
ئىنتىزارلىق تارتا ـ تارتا سۇندى سەبرۇ ـ تاقىتىم،
ياشلىرىم پۈتتى ئېقىپ، ئەمدى كوزۇمدىن قان تامار.

بۇ زىمىستان تەھدىتىدىن قورۇدۇم، بولدۇم غازاڭ،
شاخلىرىمدىن تامدى قانلار، كەلمىچۇ كۈتكەن باھار؟
چولدە قالدىم سايىسىز، لەپ تەشنە، سەرتان پەسلىدە،
ئالدىماق بولدى ئېزىتقۇ، كوزلىرىم ئالدى غۇبار.

بۇ تاڭاتماس كېچىمۇ، يا چولمۇ پايانسىز-ئۇزۇن؟
قايسى بەختتۇر، قايسى ئىقبال مۇنچە قاتتىق روزكار.
يا ئوزۇمدىن ئوتتىمۇ، ياكى قەلەمدىن كەتتىمۇ؟
نە ئۈچۈن كوكسۇمگە تەپتى تەتۇر ئىقبال، نابىكار؟!

1949 ـ يىل.

## ئۇزۇن سەپەر

مەن سەپەر قىلدىم ئۇزۇن جەريان ئارا پاتقاق كېچىپ،
گاھىدا دەشتلەرنى كەزدىم، ئۇسسۇدۇم تامغاق چېكىپ،
تاپمىدىم بىر قەترە سۇ—تەشنالىقىم قاندۇرغىلى،
چاك ـ چاك بولدى ھارارەتتىن يۈرەك قايناپ ـ تېشىپ.

ئەل بىلەن ھەمدەم بولۇپ بىللە سەپەردە چامدىدىم،
يۈك تېگىپ ئۇستۇمگە كارۋان ئەھلىدىن قالماي مېڭىپ.
بۇ سەپەردە يول توساي دەپ كەلسە ھەر توسقۇن ئەگەر،
بەس، ئۇنى يەڭمەك بىلەن تارىخ ياساپ كوكرەك كېرىپ.

1949 ـ يىل، 7 ـ ماي.

# ئۆتۈپ

كەلدىم ھازىرغا يېتىپ، كونا زامانلاردىن ئۆتۈپ،
«موللا بولدۇم» ئوقۇدۇم دەرس، ئىمتىھانلاردىن ئۆتۈپ.

تېتىدىم ئاچچىق ـ چۈچۈك تەملەرنى تۇرمۇش جامىدىن،
قار، يامغۇر، جۇت ـ شىۋىرغان ھەم بورانلاردىن ئۆتۈپ.

ئاقىۋەت يەتتىم ھەقىقەتنى تونۇپ، ئاچتىم كۆزۈم،
جىق تۈگۈنلەرنى يېشىپ، سىرى ناھانلاردىن ئۆتۈپ.

ئۆرۈلۈپ ئارقامغا باقسام قالدىمەن ھەيرەتتە لال،
كەچتىمەن شۇنچە خەتەرلىك چۆل ـ باياۋانلاردىن ئۆتۈپ.

بولسا ئۆمرۈمنىڭ ۋاپاسى، كۆزلىرىم كۆرسە سۆزۈك،
كاشكى ئاخىرقى مەنزىلنى داۋانلاردىن ئۆتۈپ.

1950 ـ يىل.

# كوزۇم

كوككە مەيۇسلىك ئىچىدە مۇكۇنىپ باققان كوزۇم،
كىرپىگىنى ئوق قىلىپ، ئاهى بىلەن ئاتقان كوزۇم،
دائىما ياش ئورنىغا قان ئوركىشى ئاققان كوزۇم،
دەردى پىنهانى ئىچىگە سىغمىغان، تاشقان كوزۇم،
بەختۇ ـ ئىقبالى قۇشى تاشلاپ ئۇنى قاچقان كوزۇم.

ئوتمۇشۇڭ كۇلپەت بىلەن تۇندىن بەتەر بولغان ئىدى،
قىسمىتىڭ هەيران قالارلىق ئاچچىق ـ زەهەر بولغان ئىدى،
بۇ ۋەتەن قوينى ساڭا بەلكىم خەتەر بولغان ئىدى
بۇ چىمەن قوينى تىكەنزارلىققا يەر بولغان ئىدى،
تاقىتى يەتمەي كورۇشكە ئوزىنى ياپقان كوزۇم.

تۇندە قالغانلىقىڭ چىراقسىز، يوق ئىدى بىر خەيرىخاه
سورىغىلى هالىڭنى بولسۇن قايدا ئادىل دادىخاه،
بار ئىدى ئۇستۇڭدە زالىم، قانغا تەشنا بارگاه،
بار ئىدى باسقان قەدەمدە شۇم تىكەن، قاراڭغۇ چاه،
چاه ئىچىدە بىر يورۇغلۇقنى كۇتۇپ ياتقان كوزۇم.

ئاتتى تاڭ، كەتتى ۋەتەنىمىڭ ئۈستىدىن تۈن قاغىسى،
ئالدى قايغۇ ـ سەۋتى ① نىڭ ئورنىنى شاتلىق نەغمىسى.
قىزىدى تارىختا تۈنجى مەررە ھورلۇك بەزمىسى،
چېچىلىپ ئۈستۈگە ئازاتلىقنىڭ نۇرلۇق غەزنىسى،
بەختىدىن مەمنۇن بولۇپ مۇرادىغا قانغان كوزۇم.

1950 - يىل، 1 - ئاي.

① سەۋتى - ئاۋازى

## ياشلىغىمنى ئەسلىگەندە ...

ياشلىقنى ئەسلىمەك كوڭۇلسىز ماڭا،
ۋە لېكىن زەرۇرەت باردۇر بۇنىڭغا.
ئۆتمۈشنى ئەسلىمەي، هازىر نىڭ قەدرىن ـ
قاندىقمۇ قويىمىز لايىق ئورۇنغا .

نەگىمۇ قويۇشنى بىلمەي قالىمەن ـ
ياشلىقنى ئەسلىگەن چاغدا ئۆزۈمنى،
ئۇ كونا، ئۇ ياتسىز زامان قولىدا،
پەرىشان ئۆتكەزدىم ياشلىق ئۆمرۈمنى.

ئەسلىسەم ئۆتىدۇ كوزۇم ئالدىدىن،
تۇرمىنىڭ كاتەكتەك سېسىق ئويلىرى.
شۇ كاتەك ئۆيلەردە نابۇت بولغاندۇر،
قەدىرلىك ياشلىقنىڭ نۇرغۇن كۈنلىرى.

ھا ياجان ئىچىدە تولۇمەن مۇڭغا،
ياشلىغىم زىنداندا ئۆتكەن ئەمەسمۇ؟

ياشلىقنىڭ ھەر سائەت،ھەر مىنۇتىغا،
بى ھىساپ غەم ـ قايغۇ سىڭگەن ئەمەسمۇ؟

مەگزىمگە دومىلاپ چۈشىدۇ تامچا،
يادىمدا دەھشەتلىك سوغاق ئازاۋى.
تارىسلداپ تېنىمگە چۈشكەن سىم قامچا،
ھىلىھەم تۇرۇپتۇ ئۇنىڭ نىشانى.

ياشلىغىم گـۇلزاردىن بى بەھرى ئوتتى،
كورگىنى تىكەندىن بولدى ئىبارەت.
ئەگەرچە تەلمۇرۇپ باھارنى كۈتتى،
يۈرىگى ھىجراندا بولۇپ جاراھەت.

ياشلىقتا بۇلبۇلغا قۇرسام تورزاقنى ـ
چۈشەتتى بەختىمگە توقۇناق قاغا
ئىنتىلىپ يورۇققا باسسام ئاياقنى،
تېيىلىپ كېتەتتىم قاراڭغۇ ـ غارغا.

ياشلىقتا ئارزۇ ـ مۇراد ئەكسىگە،
يۈرەتتى پەلەكنىڭ چاقى ھەر قاچان؟
دۇياتتى ھەقىقەت ئەھلى كوكسىگە،
قان تامغان پەنجىدىن پەلەك داغ ـ نىشان.

ئەركىنلىك باھارى ئىشقىدا سايراپ،
قەيەرگە ماڭسا بولاتتىم پات - پات.
قەيەردە ئوتكۈردەك سايراتتىم يەنە،
دەرت - ئەلەم چۇشەتتى بېشىمغا قات ... قات.

ياشلىقىم شۇ يوسۇن ئوتتى قايغۇدا،
رەھىمسىز يەلەكنىڭ چاڭگىلىدا زار.
نە شاتلىق، نە ئىجات باسقان يولىدا،
ۋە پەقەت قالدى داغ - ھەسرەت يادىكار.

ئۇ چاغنى ئەسلىگەچ يادىمغا يەتتى،
ھازىرقى دەۋرنىڭ قەدرى ناھايەت.
ئۇ ياتسىز ئۇ زامان كەلمەسكە كەتتى،
پارتىيە دەۋرىدىن تاپتۇق سائادەت.

ھاياتى چىن باھار بىلەن بەھرىمەن،
ھازىرقى ياشلارغا كېلىدۇ زەۋقىم.
بۇ ۋەتەن قۇچىغى گوياكى گۇلشەن،
بەختىيار ياشايدۇ بۇ يەردە ھەر كىم

1952 - يىل.

# ئىلىم - بىپايان پازىدۇر

ئىلىمنىڭ دېڭىزى چوڭقۇردۇر تەگسىز،
ۋە ياكى بىپايان پازىدۇر چەكسىز،
ئىلىمنىڭ نۇرىدىن يورىغان ھەر دىل،
نۇر چاچار ئەتراپقا چىراقتەك شەكسىز.

ئىلىم بىر مۇئەتتەر - خۇشپۇراق گۈلزار،
ئۇنىڭدىن دىماققا تولىدۇ ئىپار.
بىلىمنىڭ ئاچقۇچى — سەئى - ئىجتىھات،
ھېچقاچان كورسەتمەس ھورۇنغا دىدار.

بىلىمدۇر ئەڭگۈشتەر - سائادەت مۆھرى،
ھەقىقى بىلىمدۇر زاۋالسىز ئىقبال.
بىلىمدىن ھەر كىمنىڭ يورۇسا باغرى،
بىلىمسىز ھەر دىلكى - قاراڭغۇ جاڭگال.

بىلىمنىڭ مەشئىلى يېقىلمىغان دىل،
جاھالەت ئىچىگە كۆمۈلگەندۇر بىل.
جاھالەت ئەسىرى بولسا ھەر كۆڭۈل،
تۇغۇلماس ئۇنىڭدا سۆزۈك بىر ئەقىل.

1956 - يىل، 6 - ئاي.

# پارچە

قايدا بىر زورلۇقنى كورسەڭ ناتىۋانىنىڭ باشىدا،
كوز يۇمۇپ ئوتمەكنى ۋىجدان ئالدىدا نومۇس سانا!
بىل شۇنى،ۋىجدان—كوڭۇلگە يورۇغان گۇلخان ئىرۇر،
كىم بۇ ئوتتىن بولسا مەھرۇم، بىر قۇرۇق پانۇس سانا!

1958- يىل.

# سۆيگۈ نىمە ؟

سۆيگۈ بىر ئوتتۇر، ھارارەت بەخش ئېتەر كۆڭلۈك ئارا،
بىر سۆيۈملۈكنىڭ خىيالىدا قىلۇر باغرىڭ يارا.

سۆيگۈ بىر ئوتتۇر، يۈرەكنى كۆيدۈرۈپ ئەيلەر كاۋاپ،
گەر بۇ ئوتقا مۇپتىلا بولساڭ قىلۇرسەن مىڭ ناۋا.

دىلكى ھىجرانلىق ئىرۇر، بى سەبرى - دائىم بى قارار،
ھەر تىنىق بادى سەمۇمدۇر - ئوت ئىرۇر تىنغان ھاۋا،

كىمكى ئاشىق بولسا تۇرماس ئەقلى - ھۇشى جايىدا،
بولغۇسى بى ئىختىيار، ئالەم ئاڭا ماتەم سارا.

كىمكى ئاشىق بولسا چىن، مەھبۇبى ۋەسلىدۇر تىلەك،
بۇ ۋىسال جامىدىن ئۆزگە يوق ئاڭا ھەرگىز داۋا.

دەردۇ - ھىجراندۇر كامالەتكە يېتىشمەكنىڭ يولى،
تاپقۇسى ھىجران ئازابىدىن يورۇق - بەختى قارا.

ئى سۆزۈك بولسا ۋىسالىنىڭ ئارزۇسى سىنەدە
سەن ئۆچۈن ھىچ گەپ ئەمەس بۇ يولدا چەككەن ھەر جاپا.

1963 - يىل.

# ھاۋايى نەسىمگە

خەۋەر يەتكۈز نەسىمى، تاڭ ئۈچۈپ ساھىپ جامالىمغا،
يۈزى گۈلدەك، دىلى تاشتەك ئۇشۇل نامېھرىبانىمغا.
ئىگىل مەنچۈن، بېشىڭنى يەرگە قوي، سۆيگىن ئاياغىنى،
گۇۋالىق ئەيلە، رەنجۈرلۇقتا كەچكەن روزكارىمغا.

قىسىپ ئۈچ كوكرىگىڭگە، بۇ مۇھەببەتلىك سالامىمنى،
بارىپ قىل دەردى پىنھانىمنى ئەيشا، تاجىدارىمغا.
ۋابالىمدىن مەگەر ئۇ باغرى تاش ئەندىشە قىلماسمۇ،
قۇلاق سالماسمۇ ئول ئاي رەھمى ئەيلەپ، نالە زارىمغا.

دىگىن ھىجران تۈنىدە سەر بەسەر چەككەن ئازابىمنى،
نە ئامال ئەيلىگەي، بەرسۇن جاۋاپ ئۆشبۇ سوئالىمغا.
بىپەرۋالىقنى گەر تەرك ئەيلىمەس ئۇ سەڭگى دىل قاتىل،
قىلۇر قانداق، ئەگەر قالغاندا ئاخىرقى ۋابالىمغا.

1964- يىل.

# سۆيمەن ھىجراننى

گۈلى يوق باغ بولماس، تىكەنسىز ھىچ گۈل،
بولمايدۇ جاھاندا پىغانسىز بۇلبۇل.

يولۇم شۇ: جاپادىن تارتمايمەن باشنى،
بولمايمەن جاپاسىز، ئاسانغا مەشغۇل.

سۆيمەن ھىجراننى بولسىمۇ قىيىن،
بولىمەن جانانغا پىداكار، مەقبۇل.

كېچمەن ۋاپاسىز ئاي يۈزلۈك گۈلدىن،
بولسىمۇ زىبا پەد، چاچلىرى سۇمبۇل.

سۆيگۈدە مۇقەددەس قانۇندۇر ۋاپا،
ۋاپاسىز كوڭۈلدۇر، قاراڭغۇ كوڭۈل.

1964 - يىل.

## ئوغلۇمغا پەندۇ - نەسىھەتىم

ئوغلۇم ساڭا نەسىھەتىم ئاگاھ كىشى بول!
تۈزۈك تۇرمۇش ئۆتكەز، ئەھلى مەنا كىشى بول!
مەزمۇن تولسۇن ۋۇجۇدۇڭغا دانا كىشى بول!
ئەخلاق بىلەن پەزىلەتلىك رەنا كىشى بول!

سەزگۈرلۈكتۇر ئاقىللارنىڭ گۈزەل خىسلىتى،
ئەتراپىتىكى ۋەقەنىڭ بولغىن ۋاقىپى،
بىپەرۋالىق يېگىتلەرنىڭ ئۆتكۈر ئاپىتى،
ئوغلۇم ساڭا نەسىھەتىم ئاگاھ كىشى بول!

يامان يولداش يولدا تاشلاپ كېتىدۇ سېنى،
ئىززىتىڭنى ئاياق ئاستى ئېتىدۇ سېنى،
يۈسۈپ① كەبى پۇچەك پۇلغا ساتىدۇ سېنى،
ياماندىن چەك ئايرىغان دانا كىشى بول!

① «يۈسۈپ - زۆلەيخا» دىكى يۈسۈپ.

كەيپى ـ ساپا ياخشى قىلماس ئادەم ئوغلىنى،
بۇزۇقچىلىق چىرىتىدۇ ئەرنىڭ ھۆلىنى،
ياخشى ئادەم بۇزۇپ چاچماس ئېزىز ئۆمرىنى،
تۈزۈك تۇرمۇش ئۆتكەز، ئەھلى مەنا كىشى بول!

كىبرۇ ـ غۇرۇر، كېرىلمەكلىك ــ ناداننىڭ ئىشى،
كەمتەر بولماق ــ چىن، ھەقىقى ئىنساننىڭ ئىشى،
قوساق ئۈچۈن بېرىلمەكلىك ھايۋاننىڭ ئىشى،
مەزمۇن تولسۇن ۋۇجۇدۇڭغا، دانا كىشى بول!

ئەخلاقىڭنى تەربىيىلە، مەنزۇر بول ئەلگە،
ھاياتىڭنى نەتىجىسىز ئۇچۇرمە يەلگە،
بولما ئەسلا كىشىلەرگە مەسخىرە ـ كۈلكە،
سۆزۈڭ كۆڭۈل، پەزىلەتلىك رەنا كىشى بول!

1965 ـ يىل.

## پارچىلار

قىزلار ماستىن ئىگىلىدۇ تاپان يالاپ،
تۈرمۈشنى دەپ ئىرادىسىز بولغان ئادەم.
ئىسسىت ساڭا نومۇسنى قىلغان خاراپ،
يۈرىكىگە قارا تۆتەك تولغان ئادەم!

× × ×

خار بولسىمۇ قۇل بولمايدۇ ياخشى كىشى،
ھەقسىزلىككە ئىگىلمەيدۇ مەغرۇر بېشى.
يولەنچۈكى — ئۆز مېھنىتى — قىلغان ئىشى،
قىيىنالسىمۇ بىلىندۇرمەس قايغۇسىنى.

× × ×

لىۋىن چىشلەپ كورسەتمەيدۇ، قان قۇسسىمۇ،
كورىنىدۇ خوشال — خۇرام، غەم يۇتسىمۇ.
ئەلنىڭ غېمى بولار ئۇنىڭ يېگەن غېمى،
بۇ يولىدىن قايتماس ئەگەر تاغ توسسىمۇ.

1966 - يىل

## نەپسىمگە

قىلاي دەپ بىرنى ئىككى، تىنىمىغان ئىنساۋى يوق نەپسىم،
بۇزۇلغان پەيلى ـ خۇيى ، ھىچ تۈزۈك ئەخلاقى يوق نەپسىم.

ئىچىپ دەريا سۈيىنى قانمىغان ، دەپ قۇرۇدۇم ھەر ئان ،
ئۇيات ـ نومۇسنى بىلمەس، يۈزىنىڭ ھىچ قانى يوق نەپسىم .

تۇرار تىمك بىر دەرەم چۈن ، جانىدىن ئارتۇقتۇر ئاڭا بىر فۇڭ.
جامائەت پايدىسىغا قىلچىلىك ئىخلاسى يوق نەپسىم.

ھەمىشە "مەن" دىگەي ، ئاغزىغا كەلمەس "بىز" دىگەن بىر سوز
ئۆزىنىڭ كوڭلىدە يوقتۇر كوپچىلىك ، ۋىجدانى يوق نەپسىم .

دىدىمەن نەچچە مەررە "تارت ئوزۈڭنى بۇ يامان يولدىن".
نەسىھەتكە دىلىدا بىر ئىتائەت زادى يوق نەپسىم .

قۇلاققا ئالمىغاچ پەندىمنى ئۇ ، ئوز يولىغا قويدۇم ،
پۇشايمان ئالغىلى ئىزلەپ قاچا، ئىمكانى يوق نەپسىم .

1967 ـ يىل

# ئەپسۇس

ئىسراپخور چېچىۋەتكەن پۇلدەك بىھۇدە ،
بىزەۋىتە بولغان ئۆمۈرگە ئەپسۇس !
ۋەتەنگە قىلالماي ئىجادىي تۆھپە،
چوڭقۇر غەمدە قالغان ئۆمۈرگە ئەپسۇس !

تىنىقى تىللادىن قىممەت چاغلارنىڭ ،
بەربات بولغىنىغا چېكىمەن ھەسرەت .
جاپاكار ، ھەسىلگەر قانخور يىللارنىڭ ،
نامىغا ئوقۇيمەن يۈز مىڭلاپ لەنەت !

1969 - يىل.

## ياشلىغىمغا دەرىخا!

دەرىخا، كەتتى ياشلىق، نەۋ باھارىم ئەلۋىدا ئەيلەپ
نىچۈك مۇمكىن يولىدىن قايتۇرۇش، مىڭ ئاھۇ ـ ۋا ئەيلەپ.

دەرىخ! يۈز مىڭ دەرىخ! كوڭلۇمدە قالدى دەردۇ ـ ھىجرانى،
بۇ ھىجراننى كوڭۇلدىن بولمىغاي ئەسلا جۇدا ئەيلەپ.

ئىدى بىر گەۋھەرى ناياپقا ئوخشاش ياشلىغىم دەۋرى.
ئۇزاتتىم قەدرى بۇ گەۋھەرنى بىلمەي كەم باھا ئەيلەپ.

نە ئاندىن بىر ئىجادىي توھپە قالدى ـ يادىكار مۇندا،
نە ئاندىن قالدى خىزمەت ئەل ـ ۋەتەنگە جان پىدا ئەيلەپ.

دەرىخا، كەتتى ياشلىق، بۇ پۇشايماندىن نەسىۇر ئەمدى،
سۆزۈك قەلبىڭنى قالدىڭ ئۇشبۇ ھىجراندا يارا ئەيلەپ.

1975 ـ يىل.

# هىجران

(ئاپەتلىك يىللار ئۈستىدە بىر دوستۇمغا شىكايەت)

باغ بىنا قىلساڭ ، پىشانەڭ تىرىنى توكسەڭ ئاگا ،
ئەمگىگىڭ بىلەن كوچەت تىكسەڭ ، گۈل ئۈندۈرسەڭ ئاگا ،

مىۋىگە كىرسە كوچەتلەر ئىگىلىپ لەرزان بولۇپ ،
باغ ئارا گۈللەر كورۈنسە ، ئېچىلىپ خەندان بولۇپ.

ئارزۇيىغا قېنىپ، گۈلدەك ئېچىلماسمۇ دىلىڭ؟
بولمىغاي مۇندىن زىيادە ئىستىگىڭ بەلكىم سىنىڭ؟

ناگىھان بادى خازان كەتسە گۈلۈڭنى توزۇتۇپ،
قەددى زىبا ياش كوچەتلەرنى تۈگەتسە قۇرۇتۇپ .

سەن نىچۈك تاقەت قىلالايتتىڭ، ئەلەم چەكمەسمىدىڭ ؟
يامەگەر ئۇز ئەمگىگىڭنىڭ قەدرىگە يەتمەسمىدىڭ ؟

ئەجرىلەر قىلغان ئىدىم ، گۇل ئۇستۇرۇپ ، باغ ئەتكىلى ،
ياق ! ئۇنى قىلغان ئىكەنمەن ، كوڭلۇمنى داغ ئەتكىلى .

كەتتى ئاپەت يىللىرىدا بۇ بېغىم ۋەيران بولۇپ ①،
داغۇ ـ ھەسرەت ئىچرە قالدىم قىسمىتىم ھىجران بولۇپ

1976 ـ يىل .

---

① نۇرغۇن قولىيازمىلىرىم ئىسيانچىلار تەرىپىدىن كويدۇرۇۋېتىلگەن ئىدى.

# ساڭا

تەلمۈرۈپ يولۇڭغا بەكمۇ ئىنتىزار بولدۇم ساڭا ،
ئىختىيارىمنى بېرىپ، بى ئىختىيار بولدۇم ساڭا.

تارى زۈلپىڭ بىلەن باغلاندى بېشىمنى سورىدىڭ ،
سۆندى مەغرۇرلۇق دىلىمدىن، تار ـ مار بولدۇم ساڭا.

كۆز يېشىم سېرىق يۈزۈمگە بولدى ئەنھاردەك راۋان،
ئېرىتىپ ئەزدىڭ كۆڭۈلنى ، بىقارار بولدۇم ساڭا .

گەۋھەرى قەلبىمنى ئىسار ① ئەيلىدىم كۆيۈك ئارا ،
بولمىدى مەنزۇر ئەجەپ، بى ئېتىۋار بولدۇم ساڭا.

سۆيگۈ مەيدانىدا باش ئويناشنى قىلدىم ئىختىيار،
گەرچە جەڭ قىلدىم تەسەددۇق خارۇ ـ زار بولدۇم ساڭا .

مۇنچە كۆيدۈردۈڭ نىچۈن، ۋەسلىڭگە بىر يول بەرمەسەڭ ،
بۇ سۆزۈڭ ئەيلەپ ئەجەپ ھەيرانەۋار بولدۇم ساڭا .

1976 ـ يىل .

① ئىسار ـــ بېغىشلاش .

# سايرايمەن

تەبىئەت ئوزگىرىپ، پەسلى باھار بولغاندا سايرايمەن.
مۇھىت قوينى مۇئەتتەر، مۇشكۇبار بولغاندا سايرايمەن،
يانىمدا بويى ئىپار گۇلئۇزار بولغاندا سايرايمەن،
ئېشىپ زەۋقىم، ئوزۇمدە ئىختىيار بولغاندا سايرايمەن،
گۇلۇستان ھوسنىدىن كوز بەختىيار بولغاندا سايرايمەن.

جاھان گۇلدىن تېپىپ زىننەت، باھار ئەييامى كەلگەندە،
تەبىئەت ئوزگىرىپ ئىنسانىيەتكە نەشئە بەرگەندە،
زىمىن ئوستى يېقىملىق كوك - يېشىللىق تۇسكە كىرگەندە،
قېقىپ پەررەندىلەر ئەركىن قانات، پەرۋاز كوتەرگەندە.
قانات ئاۋازىغا كوڭلۇم خۇمار بولغاندا سايرايمەن.

باھارى قەترە بولسا دىل زىمىنى ئۇستىگە ئىلھام،
ئېچىلسا ئۇندا گۇللەر رەڭمۇ - رەڭدە، ياشنىسا باغچام،
ۋاراق گەۋھەرگە تولسا مىسلى يۇلتۇز كوكتە ھەر ئاخشام،
بوغۇلماستىن چىقىپ ئاۋاز، پەلەككە ياڭرىسا ناخشام،
بۇ ئىلھام ئۇنچىسى - گەۋھەر نىسار بولغاندا سايرايمەن.

كېلۇر ۋاقتى تارانە ، مەن تارانەمنى جاراڭلاتقۇم ،
ۋەتەن گۈلزارىدا بۇلبۇل بولۇپ ئاۋازىم ئاڭلاتقۇم ،
ئاخىر بىر كۈن بۇ ئۇخلاپ ياتقۇچى يارىمنى ئويغاتقۇم،
تېپىپ ئەركىن دېمىمنى بەس، قەلەم تىغىمنى ئويناتقۇم،
كېسىپ تۈن بوينىنى، ئالەم ناھار بولغاندا سايرايمەن.

1976 - يىل.



# سۆيمەن سېنى

كىم سېنى سۆيسە ۋەتەن! سۆيگەن مېنىڭ يايرىم ئىرۇر،
كىم ساڭا بولسا رەقىپ، مەن ھەم رەقىبى بىر ئومۇر.

قىلمىسام قەرزنى ئادا، جۇپ كوزلىرىم بولغاي بەسىر، (1)
بۇ ئانامدىن تۇغۇلۇشتا بىللە كەلگەن بىر پىكىر.

جانغا مېھرىڭ سىڭدۇرۇلگەن، بولمىغاي ھەرگىز جۇدا،
مەن ئۇچۇن راھەت - پاراغەت — سەن ئۈچۈن بولماق پىدا.

ئىپتىخارىم بۇ ئىرۇر بەس، ساڭا ئاق بولسا يۈزۈم،
گەر بېشىڭغا چۈشسە بىر كۈن، كېچىمەن جاندىن ئۆزۈم.

مەھلىيا ئەيلەپ كوڭۈلنى، سەن قىزىقتۇردۇڭ مېنى،
سەن ئۈچۈن چەكتىم جاپا، گاڭدەك چىنىقتۇردۇڭ مېنى.

1977 - يىل، 5 - ئاي.

---

(1) بەسىر - ئادەتتە كورنى بەسىر دەپ ئاتايدۇ.

## ياشلىق دىگەن...

نەگدىشى يوق بىر گۈزەللىك چاغ ئىكەن ياشلىق دىگەن،
كۈچ - قۇدرەت بىلەن تولغان تاغ ئىكەن ياشلىق دىگەن،
لالە، سوسەنلەر ئېچىلغان باغ ئىكەن ياشلىق دىگەن،
تالى مەجنۇن ھەم ئەۋرىشىم باغ ئىكەن ياشلىق دىگەن،
يۈرىگى ۋولقان كەبى قايناق ئىكەن ياشلىق دىگەن.

ياشلىغىڭنى بى باھا گەۋھەرگە ئوخشاتساڭ راۋا،
پـەيزى بەخش بىر چاغ ئىرۇر باغدۇر كوكەرگەن ساپ ھاۋا،
رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ئېچىلغان، نەيلىگەن بۇلبۇل ناۋا،
ھەر دىمىنىڭ قىممىتى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ساڭا،
گەۋھەرى يىگانەدىن خوپراق ئىكەن ياشلىق دىگەن.

بىر تىنىمسىز چاغ ئىكەن قاينار بۇلاقتەك ھەر زامان،
كوكسىدە ھىس - ئارزۇ، ئۈمىت ياشار چەكسىز ھامان،
ئالدىدا ھىچ گەپ ئەمەس ئوتكەل، مۇشەققەتلىك داۋان.
يالدۇرالمايدۇ ئىزىدىن جۇت، شىۋىرغان، قار، بوران،
مىسلىسىز غەيرەت بىلەن ئورتاق ئىكـەن ياشلىق دىگەن.

سۆيگۈ گۈلزارىدا خەندە ئەيلىگەن بىر گۈل كەبى،
بەلكى گۈل سەۋداسى بىلەن سايرىغان بۇلبۇل كەبى،
ھەمدى ئەتراپنى خۇشبۇي ئەيلىگەن سۇنبۇل كەبى،
ياكى مەيدان ئىچرە جەۋلان ئەيلىگەن دۇلدۇل كەبى،
قەلبى شوخ، شەھلا كۆزى ئويناق ئىكەن ياشلىق دىگەن.

بىلمىدىم قەدرىڭنى ئى ياشلىق سېنىڭ، قان يىغلىدىم،
ئەيلىدىم پۇرسەتنى نابۇت، سەندە ھېچ ئىش قىلمىدىم،
سېنى مەغرۇرلۇق بىلەن ئەسلا كۆزۈمگە ئىلمىدىم،
ئەمدى ئويغاندىم، لېكىن سېنى يېنىمدا كۆرمىدىم،
كۆز يۇمۇپ-ئاچقۇنچە تېز چاقماق ئىكەن ياشلىق دىگەن.

دەپتەرى ئۆمرۈڭگە ياشلىقتا چېكىلگەن ھەر چېكىت،
ئۆچمىگەي ئۆمرۈڭ ئاياقلاشقۇنچە ئەسلا، ئى يىگىت!
بۇ ئۆمۈرنىڭ نەۋباھارىدۇر، ئەجەپ نازۇك ۋاقىت،
ياشلىغىڭدا ئىلمۇ - پەن ئىزلە، كۈرەش قىل، تەر ئېقىت!
ئۆتسە بىھۇدە ئاخىر دىم، داغ ئىكەن ياشلىق دىگەن.

1978 - يىلى، 10 - ئاي.

## يەنە

سەيرى گۈلشەن ئەيلىمەكنى ئىختىيار ئەتتىم يەنە،
قوزغىلىپ ئىشقىم كوڭۈلنى بىقارار ئەتتىم يەنە.

سايرىشىم مەنئى قىلىنغان، ئېركى يوق بۇلبۇل ئىدىم،
سايرىماق بىرلە ئۆزەمنى بەختىيار ئەتتىم يەنە.

بىر مەھەل توھمەت زىمىستانى مىنى قىلدى خازان،
كەتتى كۈز پەسلى، كوڭۈلنى نەۋ باھار ئەتتىم يەنە.

سوۋۇغان كوڭلۈمدە قايتا ياندى قىزغىنلىق ئوتى،
گۈلخىنى سۆيگۈدە دىلنى لالىزار ئەتتىم يەنە.

قولغا ئالدىم قەلەممنى — جەڭ قىلىشقا بىر قورال،
گاڭ قەلەمنى جەڭدە ئوتكۈر زۇلپىخار ئەتتىم يەنە.

1979 - يىل، 4 - ئاي،

# گۈل ئىشقىدا

بۇلبۇل ئىدىم خالى ئىدىم قەپەزدىن ،
سايرار ئىدىم ئىنماي زەۋقى ـ ھەۋەستىن.

قونار ئىدىم ئۇچۇپ گۈلنىڭ ئۈستىگە،
ئاشىق ئىدىم چۈنكى ئۇنىڭ ھوسنىگە.

غەم ـ غۇسسەدىن يىراق ئىدىم كۆڭلۈم شات،
نۇرغۇن قىسسە ـ داستان ئىدى ماڭا يات.

ئۆمرۈم شۇنداق بولغان ئىدى راۋانە،
گۈل ئىشقىدا كۆيگەن ئىدىم پەرۋانە.

جىنايەت دەپ قاراپ يۈرەك سوزۈمنى،
تار قەپەزگە بەنت قىلدى ئۆزۈمنى.

قىلىپ تۆھمەت، كۆكسۈم ئۆزرە تاش ئاتتى،
سۆيگۈنۈمدىن جۇدا قىلدى، قاخشاتتى.

شۇنداقتىمۇ تىنماي قىلدىم مەن ناۋا،
گەرچە زىندان بولغاندىمۇ بەد ھاۋا.

يىللار ئۆتتى، ئەلنىڭ قەھرى ئوت بولۇپ،
قىلدى كۈرەش، كويدى قەپەز كۈل بولۇپ.

قۇتۇلدۇم مەن تار قەپەزنىڭ ئىچىدىن،
ئورۇن ئالدىم ئىجاتكارلار سېپىدىن.

سايراش زەۋقى يەنە تولدى دىلىمغا،
چۈنكى سىڭگەن گۈلنىڭ ئىشقى قېنىمغا.

1979 - يىل، 6 - ئاي.



# ۋاقتىدۇر

كۈيلە ئى شائىر، زامانلاشماقنى كۈيلەش ۋاقتىدۇر،
چوڭ يۈرۈش سازىنى سازلاپ، كۈينى يوتكەش ۋاقتىدۇر،
يېڭى غەيرەت، يېڭى جۈرئەت بىلەن سەكرەش ۋاقتىدۇر،
ھەر كۈن، ھەر سائەت تەرەققىياتتا ئورلەش ۋاقتىدۇر،
يېڭى ئىلھام قاينىمىدا يېڭى ئورلەش ۋاقتىدۇر.

قىل ئىجات، تۆتتە زامانلاشماققا پايدا يەتكۈزۈپ،
ھەيدە بىھۇدە قۇرۇق گەپلەرنى قامچا تەككۈزۈپ،
چوڭ سەپەر باشلاندى، مىليون خەلق يېڭىلمەس سەپ تۈزۈپ،
سەنمۇ قاتناش، قويما بۇ پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ،
كۆز ئېچىپ، سەگەك بولۇپ يىراقنى كۆزلەش ۋاقتىدۇر.

كەل ۋەتەن سۆيسەڭ ئاڭا ئۆمرۈڭنى بەر، ۋاقتىڭنى بەر،
قىل ئۇنى كۈچلاندۇرۇشقا ئىجتىھات، ئەقلىڭنى بەر،
تۈز بېرىپ ئۇستۈردى مېھرىنى قويۇپ، فەرزىڭنى بەر،
سەن ئەگەر بولماقچى بولساڭ چىن يىگىت، قەلبىڭنى بەر،
ئايىماستىن جانىنى جانانىغا بېغىشلاش ۋاقتىدۇر.

ۋەتىنىڭ كۈچلانسا، ئىززەت تاپسا، تاپىمىڭ ئىتىۋار.
ۋەتىنىڭ قەدرى چوڭايسا، شۇ ساڭا چوڭ ئىپتىخار،
ۋەتىنىڭ ئارقىدا قالسا، بولغىنىڭدۇر خارۇ - زار،
ئىشلە هارماستىن، ۋەتەننى قىل گۈلۈستان لالىزار،
بىل ۋەتەن قەدرىنى، ئىشقا بەلنى باغلاش ۋاقتىدۇر.

1979 - يىل، 8- ئاي.



# ئۇلۇغ سەركەردە

(جۇ زۇڭلىنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلايمەن)

ئى ئۇلۇغ سەركەردە — جۇ زۇڭلى ساڭا قايىل جاھان،
گەرچە ئايرىلساقمۇ ئوبرازىڭ ياشار دىلدا ھامان.

ئۆچمىگەي يانغان چىراغىڭ مىڭلىغان يىل ئۆتسە ھەم،
قاچقۇسىدۇر كۆزى شەمئىڭدىن سېنىڭ، زۇلمەت ـ تۇمان.

قالدى تارىخ ئىچىدە نامىڭ — تاشقا ئويغان نەقىشتەك،
ئۆچمىگەي بۇ نەقىش قانچە ياغسا قار، يامغۇر، بوران.

سەن ئۇلۇغ تارىخىي يىللارنىڭ زەپەر ئىلھامچىسى،
سەن ئۇلۇغ يوقسۇل سىنىپىنىڭ رەھبىرى، دوستى ھامان.

سەن بۈيۈك ماركسچى ـ لېنىنچى، كۈرەشنىڭ ئەلچىسى،
ھەم ئۇلۇغ بەينەلمىلەلچى، دىپلومات سەن بىگۇمان.

كەتتىڭ ماركسىنىڭ يانىغا، ئەلۋىدا سەركەردىمىز!
چارىدۇر ئىش يۈزىدە سەن ئويلىغان يۈكسەك پىلان.

زاھىرەن بولدۇق جۇدا، قوللاردا شانلىق بايرىقىڭ.
بۇ سۆزۈكنىڭ كۆڭلىدە فۇرقەت ئوتۇڭدۇر ھەر زامان.

1979- يىل، 10- ئاي.

## ۋەتىنىم

تۇغۇلۇپ ئەقلىمگە كەلسەم تار ئىكەن ئالەم ساڭا،
قەدىمىڭدە مىڭ پالاكەت بار ئىكەن ماتەم ساڭا،
يۇتقىنىڭ زەرداپ ئىكەن غەم - غۇسسەدىن ھەردەم ساڭا،
زەخمىلىك كۆڭلۈڭگە زەررە يوق ئىكەن مەلھەم ساڭا،
يەر بىلەن يەكسان قىلىنغان خار ئىكەنسەن ۋەتىنىم.

تاغ بېشىڭ قاردەك ئاقارغان، كوز يېشىڭ ئەنھار ئىكەن،
شۇم پەلەك ھالىڭغا بىپەرۋا ئىكەن، بى ئار ئىكەن،
قۇچىغىڭ كۈن نۇرى چۈشمەس بىر قاراڭغۇ غار ئىكەن،
ئۇ قارا زۇلمەت ئىچىدە كۈن ساڭا دىشۋار ئىكەن،
لالىدەك باغرىڭدا قان، بىمار ئىكەنسەن ۋەتىنىم.

خار ئىكەنسەن، ئىززىتىڭنى چەيلىگەن دۈشمەنلىرىڭ،
خوخا، يانتاق ئاستىدا قالغان گۈزەل گۈلشەنلىرىڭ،
ھەر تەرەپكە باشپانا ئىزلەپ، قېچىپ كوچمەنلىرىڭ،
قار - شىۋېرغان ئاستىدا ئۆلگەن ئېزىز پەرزەنتلىرىڭ،
بۇ شەھىدلەر قەۋرىگە مازار ئىكەنسەن ۋەتىنىم.

سوزلىمەككە يوق ھوقۇقىڭ، داغ ئىدىڭ، تىلسىز ئىدىڭ،
قاپلىغان قارا بۇلۇتلار ئاسمىنىڭ، كۈنسىز ئىدىڭ،
قۇل ئىدىڭ ئەركىنلىكى يوق، ھەق سوزى يولسىز ئىدىڭ،
دەرت ـ ئەلەم ئاچچىق زەھەردەك بوغۇلۇپ ئۈنسىز ئىدىڭ،
سايرىساڭ بوغىزىڭدا سىرتماق ـ دار ئىكەنسەن ۋەتىنىم.

مۇندىن 30 يىل بۇرۇن قويدۇڭ يورۇغلۇققا ئاياق،
توختىدى شۇندىن بۇيان كوزدىن يېشىڭ، باشتىن تاياق،
كەڭ ياشايسەن، تەڭ ياشايسەن، دىلدا زوقۇ ـ ئىشتىياق،
نى ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر بولدى گۇللەپ ھەممە ياق،
پارتىيە غەمخور بولۇپ، گۇلزار ئىكەنسەن ۋەتىنىم.

ئاتلىنىپ ئەسىرى ۋەتەن قۇرماققا ئەۋلادىڭ سېنىڭ،
شەرقۇ ـ غەرپنى لەرزىگە كەلتۇردى ئاۋازىڭ سېنىڭ،
كوكتىن ئاشتى تىترىتىپ چالغان كۇرەش سازىڭ سېنىڭ،
خۇددى شۇڭقاردەك تەرەققىياتتا پەرۋازىڭ سېنىڭ،
قىزى لاچىن، ئوغلى ھەم شۇڭقار ئىكەنسەن ۋەتىنىم.

نەچچە بىر ساھەڭنى ئېيتاي ئالدىمىزدا بىرمۇ ـ بىر،
كوپ تەرەققى تاپتىڭ، ئەمدى بۇ ئەمەس ھېچكىمگە سىر،
شانۇ ـ شەۋكەت قولىغا كەلدى، يېزىپلۇپ تارىخىي كىر،
داغۇ ـ ھەسرەت مەڭگۈ كەتتى، قەد كوتەردىڭ سەن ئاخىر،
توتلىشىش دەۋرىدىكى دىيار ئىكەنسەن ۋەتىنىم.

1979- يىل، 12- ئاي.

# ئىچىدە

ئى كوزۇم قىلما تەئەججۇپ، قالما ھەيران ئىچىدە،
ئوزگىرىشلەر شۇنچە كوپ بولغاچقا دەۋران ئىچىدە.
قارا! پەن - تېخنىكىمىزنىڭ تۇلپارى جەۋلان ئىچىدە،
ئىختىرالەر، كەشپىياتلەر تولدى مەيدان ئىچىدە،
ھەممىسى ئىلمۇ-ھۇنەردىن بولدى ئىنسان ئىچىدە.

قارا! پەن-تېخنىكىمىزنىڭ يۇكسەلدى شۇنچە پايىسى،
جاردۇر ئىشىدە مۇنەۋۋەر ئىنسانىيەتنىڭ غايىسى،
بولدى پەن - تېخنىكىدىن ھەر بىر قىيىننىڭ چارىسى،
كەشپىيات - ئىجادىيەتنىڭ ئۈستىمىزدە سايىسى،
قايسى ئەلدۇر پەندە ئىلغار — شادۇ - خەندان ئىچىدە.

كورگىنىڭ يۇزدىن بىرىدۇر، باردۇر توقسان توققۇزى،
بىزنى كۇتەر ئىلىم - پەنىنىڭ مۇقەددەس چوققىسى.
بىل شۇنى، پەندۇر تەبىئەت سىرلىرىنىڭ ئاچقۇچى،
پەن دېمەك - مەشئەل دېمەكتۇر دىلغا نۇرلەر چاچقۇچى،
كىمكى غەپلەت ئۇيقۇسىدا — قالدى ئارمان ئىچىدە.

ياسىلىپ يېڭى جاھازلار، گۈللىنىپ سەنئەت - ھۈنەر،
مۆجىزە بارلىققا كەلدى تارقىدى يېڭى خەۋەر،
يەتتى پەننى ئىگەللەپ ئۈستۈن سەۋىيىگە بەشەر①،
قىلغىلى كوكنى مۇسەخخەر ② قىلدى يۇلتۇزغا سەپەر،
قالدى بىر چەتتە خۇراپى ئىددىيە بوھران ئىچىدە.

ئالغىلى پەن قەلئەسىنى چوڭ يۈرۈش قىلماقتىمىز،
باشلىدۇق جەڭ، بىر زامانلاشقان ۋەتەن قۇرماقچىمىز،
پارتىيە سەپ ئالدىدا بىزنىڭ چىۋەر يولباشچىمىز،
بىز داۋان، مەنزىل ئېشىپ ئاخىر زەپەر ئالماقچىمىز،
نامىمىز قالغاي سۈزۈك، دۇنيادا داستان ئىچىدە.

1979- يىل، 12- ئاي.

---

① بەشەر - ئادەم
② مۇسەخخەر - بويسۇندۇرۇش، ئىگەللەش

# يېڭى يىل ئىلھامى

يېڭى يىل قىلدى خىتاپ: «ئورلەش ئۈچۈن ئىمكان يارات!
كەڭ قۇچاق ئاچتىم ساڭا، ئەجرىڭ بىلەن بوستان يارات!

قەدرى قىممەتتۇر ۋاقىتنىڭ، ئۆتمىسۇن بوش بىر مىنۇت،
ھەركۈن،ھەر سائەت توكۇپ تەر سۈنبۇلۇ ـ رەيھان يارات!

كەلدى پۇرسەت، ئەمدى دادىل چامدىغىن ئالغا قاراپ،
ئورلە پەننىڭ چوققىسىغا، ھۆكىرى ئاسمان يارات!

لالەرەڭ مەيدان ئىچىگە ئال ئۆزۈڭنى ئى يىگىت!
زەربىدارى بول كۈرەشنىڭ، ئات سېلىپ جەۋلان يارات!

يېڭى يىل ئىلھام تىلىدا بەردى شېرىندىن خەۋەر،
دېدى پەرھادتەك كېسىپ تاغ، بىر يېڭى دەۋران يارات!»

يېڭى يىل سىققى قولۇمنى، كۆزلىرىمگە تەلمۈرۈپ،
دېدى: «ئى شائىر زامانى كۈيلە، سەن داستان يارات»

1980- يىل، 1- ئاي.

## نەسىھەتنامە

ئى جىگەر پارەم! بۇ پەندىمگە دىلىڭدىن بەر ئورۇن،
بولما بىپەرۋا بۇ سوزدىن، قىل ئۆزۈڭگە رەھنىمۇن[1]

ئەل بىلەن بىر يولدا ماڭماقنى ئۆزۈڭگە بىل شەرەپ،
ئەلگە زىت ھىچ يولغا ماڭما، قىلما تارىخقا ئويۇن.

خەلق ئۈچۈن ئىشلە سەمىمى، بول سادافەتلىك ئوغۇل
ئەگمە ھەرگىز ئەل رەقىبىگە يىگىت بولساڭ بويۇن.

چۈشمە مىننەت قاپقىنىغا، تەلمۈرۈپ قىلما تاما،
ئوز كۈچۈڭ بىلەن ياشاپ، ئىززەت بىلەن تاپقىن ئورۇن.

بول تىرىشچان، پەن بىلەن تېخنىكىنى چوڭقۇر ئۆگەن!
قىلمىغىن ۋاقتىڭنى ئىسراپ، بولمىغىن ئەسلا ھورۇن.

---

(1) رەھنىمۇن- يول كورسەتكۈچ

قەدرى گەۋھەردۇر مىنۇتنىڭ، تولدۇر ئىرپان نۇرىدىن،
مەنزىلىڭگە ئەتىگەن ماڭ، قالما ھەرگىز كەچقۇرۇن.

كۆزلىرىڭنى نۇرى ھېكمەتتىن يورۇت، كور بولمىغىن،
ئۆمرۈڭ ئاخىرىدا پۇشايمان ئەتمىسۇن باغرىڭنى خۇن.

نۇت نەسىھەتنى جىگەر بەندىم ئېسىڭدە دائىما،
كىم قوبۇل قىلماس نەسىھەتنى، بولۇر بەختى زەبۇن.

1980 - يىل، 2-ئاي

# بىلىم ھەققىدە

بىلىم دۇردانەسىنى قولغا ئالدىم ـ بىباھا تاپتىم،
ئۇنى دائىما يېنىمدىن ئاجرىماس بىر ئاشىنا تاپتىم.

قاراڭغۇدا ئىدىم، كوز خىرە بولغان ھەم يولۇم تايغاق،
بىلىم نۇر بەردى، بۇ نۇر بىلەن ئىللەتكە شىپا تاپتىم.

ناۋاسىز جان ئىدىم، تەندە جاھالەت ئاغرىغى كۈچلۈك،
يېتىشتىم مەرىپەت باغىغا، بۇلبۇلدەك ناۋا تاپتىم.

مۇرادىم بولدى ھاسىل، بولدۇم غەپلەت غارىدىن ئازات،
بولۇپ بىدار، باغلار سەيرىدىن خۇشبۇي ھاۋا تاپتىم.

بىلىم يولباشچىدۇر، ئىشلەتتىم ئەقلىمنى تەپەككۇرگە،
ئۆزۈمنى مەن ھەقىقەت كويىدا كەزگەن گادا تاپتىم.

بىلىم بىر خورىماس كاندۇر، تىرىشقانلار ئالۇر ياقۇت،
بىلىم روھىي ئوزۇق جانغا، ئاڭا كوپ ئىشتىھا تاپتىم.

بىلىم باغرىمغا ھېچ ئوچمەس ۋەتەننىڭ سۆيگۈسىن سالدى-
سۆزۈك كوڭلۈمگە پارلاق بىر ئۇلۇغۋار مۇددىئا تاپتىم.

1980 - يىل، 3 - ئاي.

## سايرايمەن

باھار ئەييامى كەلدى، گۈل ئېچىلدى شات سايرايمەن،
زېمىستان قايغۇسى كەتتى، كۆڭۈل ئازات سايرايمەن،
بوغۇلماستىن چىقار ئاۋاز، قىلىپ پەريات سايرايمەن،
يېتىشتىم ۋەسلى شىرىنگە، بولۇپ پەرھاد سايرايمەن،
بېرىپ غەم ـ قايغۇنى يەلگە، قىلىپ بەرباد سايرايمەن.

چىقىپ ئىللىق شامال، توڭ ئېرىدى، بولدى ھاۋا ياخشى،
ئېچىلغان گۈل ـ چېچەكلەر ئارىلاپ ئەركىن ناۋا ياخشى،
يېشىل تونلۇق ئېتىزلاردا ئەجەپ كۆركەم گىيا ياخشى،
سەھەر سالقىن ھاۋاسىدا نەپەس ئالماق داۋا ياخشى،
قىلىپ سۆيۈنگەن كۆڭۈلنى قايتىدىن ئاباد، سايرايمەن.

نىچۈكمۇ سايرىماس بۇ دىل باھار زەۋقى تولۇپ ـ تاشسا،
تىلەكلەر بولسا مەيداندا، ئۈمىتنىڭ مەشئىلى يانسا،
خۇشاللىق تۈيغۇسى ھەردەم قىلىپ پەرۋاز قانات قاقسا،
ۋەتەن ھەر كۈنۈ ـ ھەر سائەت بېسىپ ئالغا راۋاج تاپسا،
سۆزۈك كۆڭلۈمگە تولغاچ شاتلىقىم قات ـ قات سايرايمەن.

1980 - يىل، 3 - ئاي

# ئۈزۈمگە

ئۆتتى ياشلىق چاغلىرىم، باشىم كۈمۈشتەك بولدى ئاق،
كەتتى تەندىن قۇۋۋىتىم، توپلاندى قىممەتلىك ساۋاق.

كەتتى بەڭۋاش ياشلىغىم، كۆزنى ئاچماي ئۇيقۇدىن،
گەرچە دەۋران چالدى كوپ "كۆزۈڭنى ئاچ!" دەپ قوڭغۇراق.

قالدى ئاق ئاختامىدەك ئۆتكەن ۋاقتىنىڭ بوشلۇغى،
ئۆتتى كۈن ئىسراپ بولۇپ يىرتىلدى چىسلادىن ۋاراق.

مەن دىدىم قېيىداپ ۋاقىتقا: "قىلچە يوقكەن سەندە يۈز"،
ئۇ كۈلۈپ بەردى جاۋاپ: " بىھۇدە مۇنداق قاغىماق،

بىلمىدىڭ قەدرىمنى سەن، ساتتىڭ ئويۇنغا ــ كۈلكىگە،
بولمىدى سەندە بىلىم ئالماققا كۈچلۈك ئىشتىياق ".

دەر ھەقىقەت ئويلىسام بۇ ئېيىپ ئۆزۈمنىڭ ئۈستىدە،
ئەمدى ئۇڭشاش بۇ خاتانى بولدى ئىمكاندىن يىراق.

ئى ۋەتەننىڭ ياشلىرى كەتكۈزمە ياشلىقنى بىكار،
ئال بىلىم ياشلىقتا بەس، بولغىن پۈشايماندىن ئۇزاق.

ئى سۈزۈك توختات سوزۈڭنى، قىل خىتابىڭنى تامام،
ياخشىدۇر ھەر سوزكى قىلساڭ، بولسا ئۇ سوز قىسقىراق.

1980 - يىل، 4 - ئاي.

# قەلەمگە

تۇل كۈنىكىم بولدۇم ئىشقىڭغا گىرىپتار، ئى قەلەم!
جان باھاسىغا ساڭا بولدۇم خېرىدار، ئى قەلەم!

ئاجرىماي كەلدۇق ئىككەيلەن نەچچە ئون يىلدىن بۇيان،
دوست بولۇپ پەيمانغا سادىق، چىن ۋاپادار ئى قەلەم!

گەرچە بىزنى ئايرىۋەتمەك بولدى چەرخىنىڭ گەردىشى①،
كۆزىمىزگە قىلدى ئالەم سەھنىسىن تار، ئى قەلەم!

شۇندا ھەم بولماي جۇدا، بولدۇق ھەمىشە ئىتتىپاق،
قالدى چەتتە غەم يۇتۇپ بۇ چەرخى غەددار② ئى قەلەم!

قىلمىغاي يالغۇزلۇق ھېس دىل، چۈنكى سەن ھەمرا ماڭا،
سۆھبىتىڭ دىلغا يېقىملىق، ياخشى گۈپتار ئى قەلەم!

---

① چەرخ گەردىشى— چەرخىنىڭ ئايلانمىقى
② چەرخ غەددار— خىيانەتچى پەلەك

سەير قىلماقنى كۆڭۈل ئىستەر بىناگاھى ئاڭا،
بولغۇسى سەندىن بىنا ئالەمدە گۈلزار، ئى قەلەم!

سەن ئىجادىيەت قورالىسەن، ئۇلۇغدۇر قىممىتىڭ،
كۆيلىسەم خەلقىمنى ئىلكىمدە مەدەتكار، ئى قەلەم!

بولمىغاي ئارتۇقچە غەم، تەشۋىش ئىجات مەيدانىدىن
بولسا بۇ شائىرغا سەندەك ياخشى ھەمكار، ئى قەلەم!

بولسا سەندەك بىر ۋاپادار، غەم يېمەسمەن غەيرىدىن
بۇ سۆزۈك كۆڭلۈمگە يەتسە قانچە ئازار، ئى قەلەم!

1980- يىل.

# باھار

باھار بىر مەۋسۇمدۇر سۆيۈملۈك غايەت،
نامىنى ئالىمىز زوقلىنىپ تىلغا.
باھارغا ئىنساندا چوڭقۇر مۇھەببەت،
باھارنىڭ سۆيگۈسى سىڭگەن ھەر دىلغا.

باھار يىلىمىزنىڭ تۇنجى بىر پەسلى،
بىر يىلنىڭ پىلانى باشلىنىدۇر شۇندىن.
سانائەت ھەم يېزا ئىگىلىگىدە،
يېڭىچە قەدەملەر تاشلىنۇر شۇندىن.

باھاردۇر بىر يىلنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتى،
باھاردا بوش كەلسەڭ كۈزدە پۇشايمان.
ئەمگەكتىن باھارنىڭ ئاشىدۇ پەيزى،
ئەمگەكتىن توقچىلىق تاپىدۇ ئىنسان.

گۈل باھار ئەمگەكتە سىنايدۇ ئەرنى،
جان باھار قويىنىدا توكىمەن تەرنى.
ئىشلىگەن چىشلەيدۇ بىزنىڭ زاماندا،
ئوشيا قىماس ھۇرۇنلار چىشلەيدۇ يەرنى.

1980 - يىل، باھار.

# ئانا يۇرتقا

گۈزەل يۇرت دىلغا مېھرىڭنى ئۈزۈلمەس ئاشىنا قىلدىم،
مۇھەببەت رىشتىدىن تار ئېشىپ چالدىم، ناۋا قىلدىم.

تۈزۈڭنى سىڭدۈرۈپ تەنگە، يېتىلدىم مەن ئۆسۈپ سەندە،
بۇ بەختىمدىن قىلىپ خەندە، قىزىل گۈلدەك جۇلا قىلدىم.

يورۇتتۇڭ دۇنياغا كوزنى، ئۆگەتتىڭ بۇ شېكەر سوزنى،
تونۇتتۇڭ يات بىلەن ئوزنى، سوزۈڭگە ئىقتىدا قىلدىم.

بىلىم بەردىڭ غەزىنەڭدىن، ئەقىل تاپتىم نەسىۋەڭدىن،
ئۈزۈلدۈم ساختا - نەيرەڭدىن، يولۇڭدا جان پىدا قىلدىم.

سېنىڭ كويۇڭدا ئى يۇرتۇم! قارا ئويلەردە يەر تۇتتۇم،
بېشىمغا كەلسە ھەر كۆلپەت، بىلىپ لەززەت غىزا قىلدىم.

غېمىڭ غەم بولدى كوڭلۈمگە، بۇ غەملەر سىڭدى ئومرۈمگە،
تۈزۈڭنى ئاقلىماقنى مەن — ئومۈرلۈك مۇددىئا قىلدىم.

نېچۈك سەندىن كېچەر بۇ جان، ھايات سەرمايىسى تۇرسالىڭ؟
سېنىڭدىن ئۆرگەن يۈزنى قازاندەك قاپ ـ قارا قىلدىم.

ھەدىمى ئۆز دىيارىمسەن، خازان بولماس باھارىمسەن،
سۆزۈك ئېيتۇر بولۇپ ئاشىق، ئۆزۈمنى مۇپتىلا قىلدىم.

1980 - يىل، 1- ئاي.

# ئوزگىچە

كەلدى كوكلەم ـ نەۋ باھار كورسەتتى دىدار ئوزگىچە،
ئويغاندى باغلار ئۇيقىدىن، گۇل ـ غۇنچە بىدار ئوزگىچە.

باقتى تەبەسسۇم ناز بىلەن، بولدى گۇلۇستان جىلۋىگەر،
قاندى گۇزەللىك ھوسنىگە بۇلبۇللار، ئى يار ئوزگىچە.

تاپتى گۇلۇستان قۇچىغى گۇل ھوسنىدىن ئوز زىننەتىن،
تولماقتا بۇلبۇل سەۋتىگە ـ داستانغا گۇلزار ئوزگىچە.

رەيھانۇ ـ سۇنبۇل بويىدىن بولدى دىماغلەر بەھرىمەن،
تارقاتتى ئىللىق شوخ شامال،ھەر لەھزە ئىپار ئوزگىچە.

تاپقاچقا ھىجران دەردىدىن بۇلبۇل خالاسلىق، بولدى شاد،
سايرايدۇ تىنماي بۇ زامان باغ ئىچرە تەكرار ئوزگىچە.

ئويغاندى ئالەم قوچىغى، قاينايدۇ ئەمگەك ئوچىغى،
بولغاچقا ئەمگەك ئەھلىگە ـ پارتىيە غەمخار ئۆزگىچە.

قىش كەتتى، كەلدى نەۋ باھار، قەلبىڭ يۇيۇلدى يوق غۇبار،
شائىر بۇ دەۋران ساڭا يار، بولدى مەدەتكار ئۆزگىچە.

1980 - يىل، 4 - ئاي.

# ھاياتىڭ پارلاق

(مەرھۇم رەئىس ليۇ شاۋچىغا بېغىشلايمەن)

ھاياتىڭ پارلاقتۇر خۇددى قۇياشتەك،
تارىختا ئىز قويدۇڭ ئەبەدى ئۆچمەس.
ئىرادەڭ مۇستەھكەم بولغاچ پولاتتەك،
چېلىشتىڭ ئادافقىچە بولۇپ تىز پۈكمەس.

پۈرولېتار سىنىپىنىڭ سادىق ئوغلانى،
ھاياتىڭ ساداقەت نامايەندىسى.
ئەل بەختى ـ كوزلىگەن مەقسىدىڭ سېنىڭ،
كوكرىگىڭ ۋاپانىڭ تولغان غەزنىسى.

ئۇنۇتماس ئەۋلادىڭ بۈيۈك نامىڭنى،
تاكى بار بولسا بۇ نىلۇپەر ئاسمان.
يەتكۈزەر داڭقىڭنى تارىخ كارۋىنى،
ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا ئۈزۈلمەس داستان.

بۈركۈتتەك پەلەكنىڭ ئەۋجىدە پەرۋاز،
ئەيلىدىڭ ئۆتكەزدىڭ شەرەپلىك ھايات.
تارىخقا يېزىلدى ئالتۇن خەت بىلەن،
سەندىكى يېڭىلمەس ئىرادە، سۇبات.

ناگىھان قول سوزدى ئەجەل قوزغۇنى،
كوزلىرىڭ ئەبەدى كەتتى ئۇيقۇغا.
گوياكى ئۆچكەندەك بەخت چولپىنى،
چومۇلدى ۋەتىنىم ماتەم ـ قايغۇغا.

بول ئەمدى خاتىرجەم، غايەڭ ئەمەلدە،
گۇم بولدى "توت كىشىلىك گۇرۇھ" ـ گېزەندە.
بىۋاپا، نابىكار، زىيانكەشلەرنىڭ،
نىقاۋى يىرتىلىپ بولدى شەرمەندە.

ۋەتەننىڭ مەردانە، باتۇر ئوغلانى،
قەۋرەڭگە گۈل قويدۇم ئىلھام بېغىدىن.
ھەقىقەت ئاشكارا بولدى ئاقىۋەت ـ
چاقنىدى ئوبرازىڭ تارىخ بېتىدىن.

1980 - يىل.

# تاپتىم

پىغانىم كەتتى كۆڭلۈمدىن، يورۇق، كەڭ بىر زامان تاپتىم،
يۇتتۇم سۇغا ئەجەپ تەشنا ئىدىم، ئابى راۋان تاپتىم.

ئەجەپ خامۇش ئىدىم گويا تىلى يوق گاچىغا ئوخشاش،
بۈگۈن ناتىق بولۇپ بۇلبۇل كەبى ئەركىن زابان تاپتىم.

ئىدىم قايغۇدا، جەمىيەت ئىچىدە ھىچ پاناھىم يوق،
بۈگۈن بۇ دەۋرنى بەس، مەن ئۆزەمگە مېھرىبان تاپتىم.

ئەمەس يالغۇز بۇ دەۋران قوينىدا ئازادە بولغان مەن،
ئۆزەمدەك شادۇ ـ خۇراملارنى مىڭ ـ مىليونلىغان تاپتىم.

نېچۈك شاد بولمىسۇن كۆڭلۈم، كىشەنلەردىن خالاس تۇرسام،
بۈگۈن كومپارتىيە قەددىمنى رۇسلاپ، قايتا جان تاپتىم.

يېشىم ئاتمىشتىن ئۆتكەن بولسىمۇ غەيرەتلىدىم ئۇرغۇپ،
سۆزۈك ئەل خىزمىتىدە مەن ئۆزۈمنى نەۋجىۋان تاپتىم.

1980 ـ يىل، 7 ـ ئاي.

## يالغانچىنىڭ ئاقىۋىتى

بولغان ئىكەن تاغ باغرىدا گۈزەل يايلاق،
ئوتلار ئىكەن ئۇندا سانسىز قوزا-تايچاق.

بىر پادىچى ئۇندا ئۇرغۇن قوي باقار كەن،
يالغان سوزلەپ ھەتتا مۇزغا ئوت ياقاركەن.

بىر كۈنى ئۇ ۋاقىراپتۇ تاققا چىقىپ،
"بورى كەلدى، قۇتقۇزۇڭلار تېزدىن كېلىپ..."

ئاڭلاپ بۇنى پادىچىلار كەلسە دەرھال،
نەدە بورى؟ كۈلەر ئىمىش ئۇ بىمالال.

كەلگۈچىلەر قايتىشىپتۇ ئاچچىغلىنىپ،
لەنەت دەپتۇ يالغانچىغا نەپرەتلىنىپ.

بۇ ئالداشلار داۋام قىلغاچ بىر نەچچە رەت،
ئالغان ئىكەن يالغانچىدىن ھەممە ئىبرەت.

كەپتۇ بورى مۇندا بىر كۈن قوي قەستىدە،
ھەم چومدۇرۇپ يالغانچىنى غەم - غۇسسىگە.

ئەنە شۇ چاغ بوپتۇ ئۇنىڭ ھالى خاراپ،
ۋاقىراپتۇ، جاقىراپتۇ ياردەم سوراپ.

راس ئىش ئىكەن بورىلەرنىڭ چاڭ سالغىنى،
ھېچ يوق ئىكەن ئەمدى بۇنىڭ ھەم يالغىنى.

لېكىن ئاڭا قىلمىغاچقا ھېچكىم پىسەن،
قويلەرنى يەپ بۇ بورىلەر قاپتۇ ئېسەن.

ھەر كىم ئەگەر كونۇپ قالسا يالغان سوزگە،
قالغۇسىدۇر پادىچىدەك يامان كۈنگە.

1980 - يىل، 8 - ئاي.

# ياز ئى قەلەم

قەلەم! بار كۈچىڭنى توپلاپ، دىلىڭنى تاغ ئەتكەن زامانىڭدىن ياز!
گۈلىستانىڭغا بەرھەم بەرگۈچى بادى خازانىڭدىن ياز!
ئۇچۇرغان بارۇ ـ يوقنى، تەلۋە، دوت، مەشئۇم بورانىڭدىن ياز!
تۈزەپ، ئورنىڭنى تولدۇرماق قىيىن بولغان زىيانىڭدىن ياز!
نومۇسسىز، بىغەرەز، شەرمەندە ـ رەسۋايى جاھانىڭدىن ياز!

جاھانىڭنى تولدۇرۇپ ئاۋازى پۈركەتكەن ئۇ دەھشەتتىن،
گۈزەللىك، مەدەنىيەت ئاپەتى بولغان ئۇ ھەركەتتىن،
ۋەتەن باشىغا يەتكەن ئۇ ئېغىر قايغۇ ـ مۇسىبەتتىن،
جاھان تارىخى ھەرگىز كۆرمىگەن كۈلپەت ـ ئۇقۇبەتتىن،
تەرەققىياتقا زىت، بۇزغۇنچىلىق رول ئوينىغانىڭدىن ياز!

كۆزۈڭ كۆرگەننى ياز، باشتىن كەچۈرگەننى، ئۆتۈنگەننى،
بوياپ ھەر يەرنى مىسلى لالىدەك قانلار تۆكۈلگەننى،
تىكىشلەر توختىماي بىر يەردە، ھەر دائىم سۆكۈلگەننى،
كىشىلەر قايمۇقۇپ، ئىش توختىتىپ ھەر جايدا يۈرگەننى،
ئۆتۈپ كۈنلەر ئۇياققا، پۇل بۇياققا قاتنىغانىڭدىن ياز!

...اپ چۈەنلىيەن، بۇزۇپ پۇل، دولەت مالىيىسىنى ئوغۇرلاشقان،
ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماي، بىلەر مەنلەر غورۇرلاشقان،
شەھەرلەر، دىچ - بۇ چۈەنلىيەن قىلغۇچىلەرگە تولۇپ - تاشقان،
ھوكۇمەتسىز بۇ بەگۋاشلار ئۆزىنى كاتتا چاغلاشقان،
قونۇشنى ئويلىماي ئۇچقان بىلىمسىز، ناتىۋاندىن ياز!

ھوقۇق كويىدا دەۋا ئەيلىگەن بۇ مۇتەھەملەرنى،
كىشىلىك شەرىپىنى قارا قىلغان شۇم قەلەملەرنى،
قىلىپ ھەق ئىشنى ناھەق، باسقۇچى قانلىق قەدەملەرنى،
خۇدا ئورنىدا قويغان ئۆزىنى، ئۇ ئەقلى كەملەرنى،
دىلىڭدا قاتمۇ - قات قان ئۇيىغان دەردۇ-پىغاندىن ياز!

ئىدى پىشقەدەملەر توھپىسى كوپ، ئەل ئارا مەشھۇر،
تالاندى غالجىر ئىتلار قولىدا كوپ، زەخمە يەپ رەنجۇر،
قاچان ئىنسانىيەت ئەخلاقى ئالدىدا بۇ ئىش مەنزۇر؟
شۇمۇ ۋىجدان، ۋاپا؟ بىر ياخشىلىققا مىڭ جاپا مەزكۇر،
ۋاپا ئەيلەپ، جاپا چەككەن قەدىردان قەھرىماندىن ياز!

يازارغا كوپ ئىرۇر ھوججەت قىسىلمايسەن دەلىللاردىن،
شۇ يىللارنى خىيال قىلساڭ پىغان قاينايدۇ دىللاردىن،
ئاڭا لەنەت بىلەن نەپرەت يەقەت چۇشمەيدۇ تىللاردىن،
دەرىغا، بوش ئوتتۇپ كەتكەن ئۇرۇنسىز شۇنچە يىللاردىن،
يۇرەكتە داغۇ - ھەسرەت قالدۇرۇپ كەتكەن چاياندىن ياز!

ئەجەپ مۇدھىش زامانلار بولۇپ ئۆتتى، كىم ئۇنتۇلدى؟
ئۇ كۈن قان يىغلىغانلار ئەمدى گۈل بولدى ــ دىلى كۈلدى،
ھەقىقەت ئىزدىنا چۈشتى، پەلەكنىڭ چەرخى ئۆرگەلدى،
كۆكۈل ئازادە بولدى، ھەممە بىردەك ئالغا تەلپۈندى،
سۈزۈكمەنزىلگە كوز تاشلاپ يۈرۈش قىلغان ۋەتەندىن ياز!

1980- يىل.

# شائىرانە خىيال

قەلەمنى ئويناتىپ قەغەز يۈزىدە يورغا يۈرگۈزسەم،
بۇ سەنئەتلىك يۈرۈشتىن ئاق ۋاراقنى تىلغا كىرگۈزسەم،
ۋاراق گۈلزارىدا ئوز ئەمگىكىمدىن گۈللەر ئۈندۈرسەم،
زامانە ئەھلىنىڭ كوڭلىنى خۇرسەنلىككە چومدۇرسەم،
ئولۇك روھلارغا ئىلھام بەزمىسىدىن تۈزسەم، تىرىلدۈرسەم.

ئەجەب بەڭۋاش ئىكەن ئىلھام قۇشى دامىمغا چۈشمەيدۇ،
قىلىپ كاۋلىق بۇ تەرسا، ئىندىمىسەم يانىمغا چۈشمەيدۇ،
قىلۇر قەيدىمنى رەت، ھەر تاشلىغان دامىمغا چۈشمەيدۇ،
نىچۈك بۇ باغرى تاش ئاخىر كوڭۈل قانىمغا چۈشمەيدۇ،
ئەگەر چۈشسە ئىدى ئىززەت قىلىپ بوينۇمغا مىندۈرسەم.

كېلىپ ئۇ بولسا ھەمدەم، ئەلگە خىزمەت ئوتىسەك بىللە،
كۈرەش سازىنى «ئالغا» پەدىسىگە يوتكىسەك بىللە،
ئېچىلساق بىللە گۈلدەك، باغ ئىچىدە كوكلىسەك بىللە،
ۋەتەننىڭ تۈزىنى ئاقلاش يولىدا چامدىساق بىللە،
ئۇنىڭ گۈللەنمىگىگە تەر توكۈپ ئەجرىمنى سىڭدۈرسەم.

بولاتتىم شات ــ ئەگەر ئەل خىزمىتىمدىن شادىمان بولسا،
ئىجادىم تەشنالەرگە بىر بۇلاق يەڭلىغ راۋان بولسا،
ئەگەر ئۆلسەم ھاياتىمدىن ۋەتەنگە بىر نىشان بولسا،
قەلەم ھەر تامچىغاندا قەدرىدىن باغۇ-چۇمەن بولسا
بۇ باغنىڭ ھەر بىرىدە تۇزىماس گۇل-غۇنچە كۆلدۈرسەم.

ۋەتەن گۇلزارىنىڭ ئاۋازى پۈتمەس بۇلبۇلى بولسام،
يېتەتتىم ئارزۇ-ئارمانغا، تۈگمەس بىر گۇلى بولسام،
ۋەتەنكىم مېھرىۋانىمدۇر، ئۇنىڭ شىرىن تىلى بولسام،
ئىشىكتە تۇرغۇزۇپ خىزمەتكە سالسا بىر قۇلى بولسام،
دىسە "ئوغلۇم" سۆزۈكنى، بۇ باھاغا جان سۆيۈندۈرسەم.

1980 - يىل.

## پەن - تېخنىكىغا مەدھىيە

نەچچە مىڭ يىللىق خىياللار پەندىن ئىمكان ئىچىدە،
بولدى پەن-تېخنىكىدىن ھەر مۈشكۈل ئاسان ئىچىدە.
نەچچە ئايلىق يول مىنۇتلۇق، ئەمدى ئىنسان ئىچىدە.
كەلدى يەرنىڭ يولدىشى پەرۋازغا ئاسمان ئىچىدە،
بەس، خۇراپات قورغىنى گۇم بولدى بوھران ئىچىدە.

كوپ تەرەققى قىلدى پەن بۇ ئىجتىمادىنىڭ مىۋىسى،
ئۈزدى پارخوتلار دېڭىزدە، قالدى نوھنىڭ كېمىسى،
ئۇچتى ئاسماندا ساماليوت، قۇشقا توخشار جىلۋىسى،
يولدا پويىز قاتناشماقتا، نە كېرەك چول توگىسى،
تېلېۋىزور ھەم رادىيودۇر نويدە سايمان ئىچىدە.

يوق بۇگۇن بىزدە بۇرۇنقى ئۇ قومۇش قىڭغىر قەلەم،
بولدى پەيدا پەن بىلەن تېخنىكىدىن پاركىر قەلەم،
قىلدى مەتبۇئات تەرەققى، مەدىنىيەت دەمبەدەم،
توستى ئادەملەردە ئاڭ، باستى يورۇقلۇققا قەدەم،
نۇرغا تولدى قارا دىللار ئىلمۇ-ئېرپان ئىچىدە.

كەلسە بىر مەكتۇپ يېراقتىن، ئوقىيالماي غەم يىگەن،
ئات چىپىپ بىر كۈنلۈك يولنى، بىر ساۋاتلىق ئىزلىگەن،
ئۇ زامان كەتتى ئۇزاپ، بىزدە ساۋاتلىق مەردۇ-زەن[1]
ئېچىلىپ مەكتەپ تۈمەنلەپ، ئۇندا ياشناپ ئىلمۇ-پەن،
بۇ گۈلۈستان قوينىدا گۈل-غۇنچە خەندان ئېچىلدە.

باسىمىز ئالغا ھامان كوكرەكنى كەرگەن بويىچە،
يېتىمىز پارلاق نىشانغا تۇغ كوتەرگەن بويىچە،
قۇرىمىز كومپارتىيە كورسەتمە بەرگەن بويىچە،
بۇ ۋەتەننى يېپ - يېڭى ياشناپ كوكەرگەن بويىچە،
ئارزۇ - ئارمانغا يەتكەيمىز بۇ دەۋران ئىچىدە

1980-يىل.

[1] مەردۇ-زەن — ئەر-ئايال

## ۋەتەن ھەققىدە مۇسەددەس

ئەي مۇرەببىيم ، مۇشپىقىم بولدۇم تۇزۇڭدىن بەھرىمەن،
تۇز بىرىپ باقتىڭ مىنى، ئالدى قاتارغا ئەنچۇمەن،
ئاسرىدىڭ كوز قارچۇغۇڭدەك كۈچلۈنۈپ ئۇستۇم تىمەن،
كوزلىرىڭ ئۇچقۇنلىرىدىن نۇر تىپىپ بولدۇم چىچەن،
ئەي ئىزىز يۇرتۇم ، مۇقەددەس بوشۇگۇم باغۇ - چۇمەن،
بولمىغايمەن ھ چ قاچان سەندىن كىچىپ مەن بى ۋەتەن.

كوكلىسۇن كوڭلىدە مىھرىڭ گۈلدەك ئۈنگەن بولسا كىم،
گۈلئۈزارىڭ ئوزرە قونغان چاڭنى سۈرگەن بولسا كىم،
مىسلى بىر پەرۋانىدەك چورەڭدە يۈرگەن بولسا كىم ،
قايغۇلانساڭ قايغۇرۇپ، كۈلگەندە كۈلگەن بولسا كىم،
ئەي ئىزىز يۇرتۇم ، مۇقەددەس بوشۇگۇم ، باغۇ - چۇمەن،
بولمىغايمەن ھىچ قاچان سەندىن كىچىپ مەن بى ۋەتەن.

ئۈنى ئۈچسۈن، قايغۇلۇق چاغىڭدا كۈلگەن كىشىنىڭ،
دۈشمىنىڭ ئالدىدا قۇللاردەك پۈكۈلگەن كىشىنىڭ،
تەرك ئىتىپ مىھرىڭنى، سەندىن رىشتە ئۈزگەن كىشىنىڭ،

جىسمىمنى باسسۇن قوتۇر، قەدرىڭنى توككەن كىشىنىڭ،
ئەي ئېزىز يۇرتۇم، مۇقەددەس بوشۇگۇم، باغۇ ـ چۇمەن،
بولمىغايمەن ھېچ قاچان سەندىن كېچىپ مەن بى ۋەتەن.

ئى ۋەتەن، كوڭلۇم سېنىڭدەك يار بىلەن خۇرسەن مېنىڭ،
كوزلىرىم تۇپراقلىرىڭدا سۇرتۇلۇپ روشەن مېنىڭ،
ئېچىلىپ سەندىن دىلىم، يۈزۈڭ بىلەن گۇلشەن مېنىڭ،
كىم ساڭا قىلسا ھاقارەت ـ دۇشمىنىم جەزمەن مېنىڭ،
ئەي ئېزىز يۇرتۇم، مۇقەددەس بوشۇگۇم، باغۇ ـ چۇمەن،
بولمىغايمەن ھېچ قاچان سەندىن كېچىپ مەن بى ۋەتەن.

1981 ـ يىل.



## يۇرتۇم

قىلاي شەنىڭگە سوز گەۋھەرلىرىنى مەن نىسار، يۇرتۇم!
قوبۇل قىلساڭ بۇ سوۋغاتىمنى بولغاي ئىپتىخار، يۇرتۇم!

قىلاي بەتلەرنى ئالتۇن كەشتىدەك سوز گەۋھىرى بىرلە،
بىزەكلەر مىسلى يۇلتۇزدەك يانار مۇندا قاتار، يۇرتۇم!

خوشاللانساڭ خوشاللاندىم يەنە قايغۇڭغا قايغۇردۇم،
بوسۇغاڭدا تۇرۇپ خىزمەتلىرىڭگە ئىنتىزار، يۇرتۇم!

ساڭا باغلاندى بۇ كوڭلۇم، ئوتۇپ بىللە پۇتۇن ئومرۇم،
سىنىڭ مېھرىڭ بىلەن گويا مېنىڭ قەلبىم باھار، يۇرتۇم!

تۇغۇلغاندا قۇچاق ئاچتىڭ، دىدىڭ "ئېركەم"، دىدىڭ "ئوغلۇم"،
كوزۇڭگە تەلمۇرۇپ كۇلدۇم، ئوشۇلدەم بەختىيار يۇرتۇم!

تۇغۇلدۇم ئەيلىدىڭ خەندە، كېسىلدى كىندىگىم سەندە،
سىڭىپ بەرگەن تۇزۇڭ تەنگە، يېتىلدى كۇچ ـ مادار، يۇرتۇم!

يېقىملىق تىلدا سۆزلەتتىڭ، گۈزەل ئەخلاقنى ئۈگەتتىڭ،
غېمىڭنى ماڭا يار ئەتتىڭ، بولۇپ ھەم غەمگۈزار يۇرتۇم!

قەدىمىي نامدار يۇرتسەن، گۇۋا تارىخىي ھۆججەتلەر،
ئەمەستۇر ئۆتمۈشۈڭ خىرە، ئىرۇر رۇشەن ناھار يۇرتۇم!

غۇرۇر، باتۇر، پاراسەتلىك ئۇلۇغ ئەمگەكچى خەلقىڭگە،
قىلىپ ھۆرمەت دېسە بولغاي تەشەككۇر سەدھازار يۇرتۇم!

يېرىڭ مۇنبەت، سۇيۇڭ شەرۋەت، ھەسەلدەك مېۋىزار قوينۇڭ،
ئۈزۈم، قوغۇن، ئۆرۈك، شاپتۇل، بادام، ئالما، ئانار يۇرتۇم!

ئىرۇرسەن پاختا، ئاش كانى، ئاجايىپ كەڭرى داستانى،
ھېساپسىز بايلىقىڭ سانى ئىنچۇك تىلغا سىغار، يۇرتۇم!

ساناقسىز چارۋا يايلاقتا، تۇرار ئورمانلار ھەر ياقتا،
ياتار مەدەنلىرىڭ تاغدا، قىزىشقا ئىنتىزار، يۇرتۇم!

سىڭىردىم تۇز ۋە ئاشىڭنى، ئېگەرمەن ساڭا باشىمنى،
سۆيەرمەن خاكى ـ تاشىڭنى، قەدىمىي تاجدار يۇرتۇم!

دىلىمغا مېھرىڭ پەيۋەستە، ئىرۇرسەن دائىما ئەستە،
قىلاي خىزمەت دىگەن ھېستا بۇ سوۋغات يادىكار يۇرتۇم!

1981 - يىل.

# ئۇستازىمغا

ئىدىم بىر تاختا ئاق قەغەز، يېزىپ خەت، نەچچە قۇر سالدىڭ،
قاراڭغۇلۇقتا قالغان جان ئىدىم، كوڭلۇمگە نۇر سالدىڭ.

بېرىپ تەربىيە ھارماستىن تونۇتتۇڭ سەن ھەقىقەتنى،
كوڭۇلدە ساقلىدىم بەرگەن ساۋاقلارنى – ۋەسىيەتنى.

ئۇرۇق تىكتىڭ دىلىمغا، بىخ سۇرۇپ ئۈندى گۈزەل غايە،
يېتىشتىم ئەلگە ئۇز خىزمەتلىرىمدىن سالغىلى سايە.

تونۇتتۇڭ سەن ۋەتەن تارىخىنى قەلبىمنى ئويغاتتىڭ،
يۈرەك – باغرىمغا يۇرتۇمنىڭ ئۇلۇغ مېھرىنى ئورناتتىڭ.

بېرىپ تەربىيە قۇتقازدىڭ جاھالەت دىگەن ئىللەتتىن،
خالاس قىلدىڭ خۇراپات زەنجىرىدىن، ئويقۇ – غەپلەتتىن.

بولۇپ روھى ئەسىرلىك زەنجىرىدىن مەن بۈگۈن ئازات،
بولۇپ قالدىم ئۆزىنىڭ شېرىنى بار تاغ كېسەر پەرھات.

تالاي شاگىرت يېتىشتۈرگەن بۈيۈك ئەجرىڭگە مىڭ رەھمەت،
سۈزۈك كۆڭلىدە داغ قالدى جاھاندىن ئەيلىدىڭ ھىجرەت.

1981 - يىل.



## ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يەت!

بىر مىنۇت ئۆتسە ئورۇنلۇق كوڭلى - كوكسۇڭ باغ بولۇر،
شۇ ئىزىز پۇرسەت ئوزىنىڭ قەدرىگە ئورتاق بولۇر.

ئوقۇ! ھەركەت قىل، ئەگەردە بولسا سەندە ئەقلۇ - ھۇش،
توختىغان سۇدەك سېسىپ ياتما بىكار - ئازگالدا بوش.

ۋاقىت بىرلە ئورە بولغاي تاغلارچە ئىش قەد كوتۇرۇپ،
كىم ھورۇن بولسا قويار ئوز ۋاقتىنى بوش كەتكۈزۇپ.

ئوتكۇزۇپ بىھۇدە پۇرسەتنى ئىچىنساڭ ئاقىۋەت،
كۇلكىلىك بىر ئىش ئىرۇر، بەس، پايدىسى يوقتۇر پەقەت.

كول بولار ئاز - ئازلا تامغان تامچىلاردىن - قەترەدىن،
بىر گۈزەل داستان يارالغاي پارچە - پارچە سەترەدىن ①

بولمىسا توھپەڭ ئەگەر ياد ئەيلىگەيمۇ جەمىيەت،
قوي جامائەت پايدىسىغا يادىكار، بول ئاقنىيەت.

1981 - يىل.

① سەترە - قۇر- مىسرا.

# بى مۇشەققەت يوق ھۇنەر

سەيىسىز ئىلگىمگە ئىستەك قۇشىنى يار تاپمىدىم،
كوز يېشى بولغان داۋا ئالەمدە بىمار تاپمىدىم.

كىم كۆرەش قىلماي تۇرۇپ، تاپتى جاھاندا مۇددىئا؟
خام خىيالدىن بەختىنى تاپقان تەلەپكار تاپمىدىم.

يولۇنۇپ خار ئەتمىدىم ھېچ ئەھلى مىننەتكە بېشىم،
ئوز ئىشىمگە ئوز كۈچۈمدەك بىر مەدەتكار تاپمىدىم.

كورمىدىم ھېچ كۈننى تۈنسىز، ھېچ بولۇتسىز ئاسمان،
قايغۇسىز شاتلىق، تىكەنسىز باغۇ ـ گۈلزار تاپمىدىم.

قازمىغۇنچە قان يۇتۇپ كىم ئالدى كاندىن ياقۇتى،
بى مۇشەققەت، بۇ ھۇنەر سىرىگە ئەسرار تاپمىدىم.

1981 ـ يىل.

## ئوغلۇمنىڭ خېتىگە جاۋاپ

جىگەر پارەم ئوقۇپ كوردۇم خېتىڭنى،
بىلىپ شاتلىققا تولدۇم ساقلىغىڭنى.

سوئاللىك بار ئىكەن خەتتە يېزىلغان،
تەپەككۇر بېغىدا گۈلدەك ئېچىلغان.

فەلەم تارتىپ جاۋابىغا كىرىشتىم،
نەئىمكان بار ئىكەن شۇنچە تىرىشتىم.

نە يول تۇتماق كېرەك دۇنيادا ئىنسان؟
جاۋاپ بەردىم تۈزەتكىن بولسا نۇقسان.

ياشار ئادەم جاھاندا نەچچە ئون يىل،
دېمەك بۇ قىسقا بىر جەريان ئىرۇر بىل.

ئۇمۇرنى نىمىگە سەرپ ئەيلىگەن خوپ؟
جاھاندا قايسى ئىش ئادەمگە مەرغۇپ؟

ئۈزۈم بىلگەننى ئېيتاي سال قۇلاقنى،
ئىچىپ تەشنالىقىڭ قانسۇن بۇلاقنى.

كىشىكىم بولسا مەسلەكسىز جاھاندا،
ئۇنى سەن بىلە چىن ئادەم شۇ ئاندا.

ئالاقە تارىنى ئۈزگەن ئۈزەنگىدىن،
يېقىن كەلمە ئاگا كەتسۇن يېنىڭدىن.

ئاگا ھاجەت نىمە سوققان يۈرەكتىن؟
بولەكنى بىلمىگەي ئىچمەك ـ يىمەكتىن.

كىشىدە بولمىسا گەر غايە ـ جانان،
ئۇنى جانسىز جەسەت دەپ بىل ئوشۇلئان.

دىمەكچى بولغىنىم ياشلىق چېغىڭدا،
گۈزەل بىر غايە جاي ئالسۇن بېشىڭدا.

كېرەكدۇر ئىنكىلىمەك توغرا نىشاننى،
بۇ ئىشقا ئىشلىتىش بار كۈچنى ـ قاننى.

ۋەتەن باغدا گۈل ئۈندۈر، كوچەت قوي!
چىچەكلەپ تارقىسۇن ئەتراپقا خۇشبۇي.

يېڭىتلىك نەۋباھارىڭنى قەدىرلە!
يېڭىپ مۈشكۈلنى ھەردەم، ئالغا ئۇرلە!

بىلىم ئال، قىل ئىجاد، بولغىن ئىجاتكار،
ئىرىشچانلىق ساڭا بولسۇن مەدەتكار.

ئېلىڭنى بەھرىمەن قىل ياخشىلىقتىن،
سۇ ئىچسۇن تەشنا ئەل قازغان ئېرىقتىن.

يۇمۇلماستىن كوزۇڭ يورۇت ئۇزۇڭنى،
ۋەتەن خىزمەت كۇتەر، تونۇت ئۇزۇڭنى.

يىمەك ـ ئىچمەك بىلەن سەمرىتمە تەننى،
سۇيۇپ روھىي ئۇزۇق قىل ئىلمۇ ـ پەننى.

كۇچەيسۇن مەنىۋى قۇۋۋەت بىلەن جان،
ئىرۇر كۇچلۇك ـــ بىلىملىك بولسا ئىنسان.

ئۇزۇڭنى ئەيلىمە شوھرەت بىلەن تۇغ!
بولۇپ كەمتەر، تەكەببۇر يولىنى بوغ!

سۇۋاداندەك تەكەببۇردىن غادايساڭ،
كىشى تەنقىت ئەگەر قىلسا ئالايساڭ.

قالۇرسەن ئارقىدا بى يارۇ ـ ھەمدەم،
يىتىم قالماق بىلەن كوڭلۈڭ تولۇپ غەم.

قۇلاققا ئال بۇ پەندىمنى ئىزدىزىم!
ئۇزۇم بىلگەننى ئەيتتىم پۈتتى قەرزىم.

1981 - يىل.



## دولانغا مۇھەببەت

ئەي دىيار ـ ياشلىغىم ئۆتكەندۇر سەندە،
مەردانە، مېھماندوس قوينۇڭدا يايراپ،
نامىڭنى گەر بىراۋ ئالدىندا تىلغا،
كېتىمەن ۋەسپىڭدە بۇلبۇلدەك سايراپ.

يەر يوقتۇر قوينۇڭدا مەن كۆرمىگەن ھېچ،
يادىمدا تۇمەنتال ①، بۇ قاپادا لەر.
بەستلىك، ئىگىز بوي، سادده، تۇز كوڭۇل،
ئەمگەكچان قىمز ـ ئوغۇل، ئاتا ـ ئانىلەر.

تومۇرەك②، ھاڭشىتلىق③، بوردىغىز④ لەردە،
مەشرەپكە قاتناشقان ئىدىم مەن نەچچە.
باغرىڭدىن ئايرىلغۇم يوق ئىدى ھەرگىز،
زامانە ئايرىدىغان قالدۇرۇپ دەرتتە.

---

①،②،③،④ ـ يۇرت ئىسىملىرى.

دىماغىم سۆيگۈنىڭ دەسلەپكى بويىن،
تاپقاندۇر ئىپاردەك سېنىڭ قوينۇڭدىن.
چالغانتىم سۆيگۈنىڭ ئەۋەلقى كۆيىن،
ھاياجان ئىچىدە قىزغىن كوڭلۇمدىن.

ئەي دىيار — ياشلىقىم ئۆتكەندۇر سەندە،
جەمىيەت ئاقارتىش كويىدا مېڭىپ.
ئۆتۈپتۇ ئارىدىن قىرق نەچچە سەنە(1)،
قالىمەن ئۆتمۈشنى ئېسىمگە ئېلىپ.

ئۇ چاغدا زار ئىدىڭ پارچە نان ئۈچۈن،
تەر توكۈپ ئىشلەيتتىڭ بەگ - غوجام ئۈچۈن.
ھەممىگە ئايانىدۇر ئۆتمۈش دەھشىتى،
كۈن قىيىن ئۆتەتتى ھەر دىخان ئۈچۈن.

باشقىچە بىر يېڭى دولانىسەن بۈگۈن،
قالاقلىق، مەھكۈملۇق ئىزلىرى ئۆچكەن.
كۈنسايىن ئىلگىرىلەپ ئوزگىرىش ياساپ،
بىر يېڭى ئورلەشنىڭ دەۋرىگە كوچكەن.

ئاۋازىڭ بەلەندۇر بۇ كۈن ۋەتەندە،
ئۇرغىغان كۈچ - قۇۋۋەت تولۇپ بەدەندە.

---

(1) سەنە — يىل.

سېغىنىش تولغان بۇ چىن يۈرىگىمدىن.
ئۈتۈق تىلەيمەن ساڭا ھەر بىر قەدەمدە.

ئەي دولان، قىزىتقىن مەشرەپ ناۋانى،
جاراڭلىق ناخشاڭدىن تىترەت ھاۋانى.
پارتىيە رەھبەردۇر بەخت سېنىڭدۇر،
سۈزۈكىنىڭ بۇنىڭغا يوقتۇر گۇمانى.

1981 - يىل.



# تويۇڭغا مۇبارەك

پارتىيەم تەبرىكلەپ شانلىق تويۇڭنى،
ئىلھامىم بېغىدىن ئۈنچىلەر تىزدىم.
ياڭراتتىم كۈيۈمنى شەنىڭگە ئاتاپ،
ھاياجان ئىچىدە يايرىدى دىلىم.

چۈنكى سەن خەلققە بولۇپ غەمگۇزار،
جاھالەت تېغىنى ئەيلىدىڭ گۇمران.
ئەجرىڭدىن ئۈندۈرۈپ لالە - رەيھانلار،
ناتىۋان ۋەتەننى قىلدىڭ گۈلۈستان.

تۇغۇلدۇڭ قۇياشتەك قىزىل نۇر چېچىپ،
بولقا ھەم ئوغاقنى كوتەردىڭ ئىگىز.
بىر يىلدا مىڭ يىللىق مۇساپە كېزىپ،
يول سالدىڭ مەنزىلگە راكىتادىن تېز.

ئالەمگە ئاياندۇر ياراتقان توھپەڭ،
يازغانغا تەرىپىڭ بولمايدۇ ئادا.

گوياكى قۇياشنىڭ بىر زەررىسىدەك،
پەقەت مىڭدىن بىرى يېزىلدى مۇندا.

ياشا! ئەي پارتىيە — سايىبان سەرۋەر،
ياغماقتا شەپقىتىڭ بىزگە شۇ قەدەر.
ھەقىقى يەكۈن شۇ — سەن بولغاچ بولدى،
سۈزۈك تاڭ تۈن يېرىپ ئەلگە جىلۋىگەر.

1981 - يىل.



## بۇلبۇل بىلەن سوھبەت

تاڭ سەھەر گۈل شېخىدا بۇلبۇل ناۋا قىلدى ماڭا،
زەڭ قويۇپ سالسام قۇلاق مۇنداق نىدا قىلدى ماڭا:

”كەل قېنى، ئەيتايلى ناخشا، يانمۇ ـ يان بىللەبولۇپ،
باغ ئارا سەيلە قىلايلى رەڭمۇ ـ رەڭ گۈلگە قونۇپ.

قاندۇرۇپ تەشنالىقىڭنى قانغىچە شەرۋەت سۇمۇر،
دەم غەنىمەت، قايتۇرۇپ بولماس ئەگەر كەتسە ئۇمۇر.

بوغۇلۇپ قالغان تىلىڭنى قىل راۋان ئەندىشىسىز،
چەكمە غەم، تۈزلە بېلىڭنى كوتىرىپ باشنى ئىگىز.

سايرىغىن، تولسۇن جاراڭلىق ناخشىڭا كوكنىڭ يۈزى،
ئىچى تار، ئەھلى قۇسۇرنىڭ قان بولۇپ تولسۇن كوزى.

كويلە يۇرتۇڭنى ـ ۋەتەننى، كۈيلە پەن ـ تېخنىكىنى،
كۈيلە ئەلنىڭ دوستلىقىنى ـ مەڭگۈ بىرلىگىنى.

بىر زامانلار تىلدى توھمەت خەنجىرى باغرىڭ يېرىپ،
تار قەپەز بولدى ماكانىڭ، ئاھ ئەجەپ بولدۇڭ غېرىپ.

بولدى گۆم غەم تاغى ئەمدى، باغ ياسالدى ئورنىدا،
شادىمانلىق نەغمىسى ئەۋج ئالدى بۇ باغ قوينىدا.

ئىخ، بۈگۈن ئاچماقتا ئارزۇ نەۋ باھار يەڭلىغ قۇچاق،
ياڭرىدى شاد نەغمىلەر تەڭكەش قىلىپ ئېيتتىم قوشاق.

قىزىتايلى، كەل قوشۇل، سايراپ بۇ ئىلھام بەزمىنى،
بېيىتايلى، ئاتا مىراس ئوشبۇ مىللىي غەزنىنى”.

مەن بۇ بۇلبۇلنىڭ سوزىنى خوپ دىدىم ماقۇل كورۈپ،
بەس قەلەم جېڭىگە كىردىم ئاتلىنىپ جەۋلان ئۇرۇپ.

1981 - يىل.

# مۇئەللىم

ئەمگەكچان شەرەپلىك، ئۇلۇغ مۇئەللىم،
تارىختا يۈزۈڭ ئاق – يورۇق مۇئەللىم،
خۇش پېئىل، مۇلايىم، ئوچۇق مۇئەللىم،
سۆزلىرىڭ تاتلىق ھەم سولۇق مۇئەللىم،
تەلىمىڭ دىللارغا ئوزۇق، مۇئەللىم.

خۇددى نۇر ئوغلۇڭدەك كۆرەتتىڭ مېنى،
ئوقۇشقا، يېزىشقا ئۆگەتتىڭ مېنى،
تەييارلاپ قوشۇنغا چۈنەتتىڭ مېنى،
گويا كى باھاردەك ياشناتتىڭ مېنى،
ئۇنىمەكتە سەن چاچقان ئۇرۇق، مۇئەللىم.

ئۇستۇردۇڭ باغۇەندەك كىچىك چېغىمدىن،
جاي ئالدى ھۆرمىتىڭ يۈرەك قېتىمدىن،
گۈل تۇتتۇم شەنىڭگە ئىلھام بېغىمدىن،
ئۆبرازىڭ كەتمەيدۇ ئوتلۇق دىلىمدىن،
مەن سەندىن مىننەتدار تولۇق، مۇئەللىم.

بىر سەبى بالىدىم — شۈبھىلەردىن پاك،
تېخى خەت يازمىغان قەغەز كەبى ئاق.
سەرپ ئېتىپ زېھنىڭنى بېرەتتىڭ ساۋاق،
ئۈتقازدىڭ قولۇمغا بىلىمدىن ياراق،
«كەلتۈر» دەپ ۋەتەنگە ئۈتۈق، مۇئەللىم.

ئالىملەر، ئەدىپلەر ۋە يا قوماندان،
ھەممىسى سېنىڭدىن تەربىيە ئالغان،
لايىقسەن ھورمەتكە توھپەڭمۇ چەندان،
قىلىدۇ جەمئىيەت ساڭا ئېھتىرام،
ئەمگىكىڭ شەرەپلىك، ئۇلۇغ، مۇئەللىم.

1981 - يىل.

# ئويغاندىم

خىتاپ كەلمەكتە "بول» دەپ ئويقۇدىن بىدار، ئويغاندىم،
ئېچىلدى كۆزلىرىم كىرپىك قېقىپ،ھوشيار ئويغاندىم.

نىدا كەلدىكى: "يارىڭ مۇنقەرىزدۇر، ئويقۇدىن ئويغان!»
بولۇپ سەگەك،شۇدەم كورمەك ئۈچۈن دىدار، ئويغاندىم.

دىماغىمغا يېتىپ بويى گۈلۈستان خاتىرىمدۇر شات،
بولۇپ بۇلبۇل كەبى سايراش ئۈچۈن تەييار، ئويغاندىم.

بۈگۈن يۈرمەكتە ئەل بەختىنى كۆزلەپ بۇ پەلەك چەرخى،
قىلىپ مىڭ تىل بىلەن خۇرسەنلىكىم ئىزھار، ئويغاندىم.

بولۇپ ئەللار ئېقىمىغا ھەمنەپەس، بەرمەككە ئاۋازىم،
تۇرۇپ دەس ئويقۇدىن بولدۇم تىتىك ئى يار، ئويغاندىم.

ۋەتەن يۈز تۇتتى پەن ـ تېخنىكىغا، جۈرئەت بىلەن مەن ھەم،
ۋەتەننىڭ قوينىنى قىلماق ئۈچۈن گۈلزار، ئويغاندىم.

زامانلاردىن بېرى بۇ ئارزۇيۇم بار ئىدى دىلدا،
سۆزۈك ئىجات ئۈچۈن كۆڭلۈمدە ئوت، خۇمار، ئويغاندىم.

1981-يىل.



## قەلبىم خىتاۋى

ئېزىز دوستۇم! بولۇپ خۇشخۇي، يامان ئىللەتنى يار قىلما!
سۆزۈمنىڭ تەھتىگە يەتكىن، نەسىھەتنى بىكار قىلما.

تىكىلمە، تەلمۈرۈپ نامەرت كۆزىگە، يەرگە تەڭ بولما،
ۋاپا كەلمەس ئۇنىڭدىن، ئىززىتى نەپسىڭنى خار قىلما.

بويۇن ئەگمەكنى ئار بىل، ساقلا ئىنسانىي غۇرۇرۇڭنى،
يۆلەن ئۆز قول كۈچۈڭگە، غەيرىنى ھېچ ئىختىيار قىلما.

راۋا كۆرمە ئۆزۈڭگە كۆرمىگەننى يەنە بىر كىمگە،
ئۆزۈڭنىڭ نەپسىنى كۆزلەپ زىيان ئۇرماق شۇئار قىلما.

بېشىڭ گەر كۆككە يەتسە تاشلىما غۇربەتتە كىم دوستۇڭ،
سىنالغان بىر ۋاپادارىڭنى بىئېتىۋار قىلما.

رەقىبلەرنى، ۋەتەن دۈشمەنلىرىنى ئوت بولۇپ كۆيدۈر،
رەپىقلەرگە مۇرۇۋۋەت ئەيلىگىن — كۆڭلىڭنى تار قىلما.

ئەگەر يار بولسا بەختىڭە بەختسىزلىك چاغىنى ئەسلە،
ئۇنۇتما شىرە چورۇقلارنى،ھەرگىز ئاندىن ئارقىلما.

كېتەر ئۆمرۈڭ،ھايات باقى ئەمەس ـ باقى قالۇر نامىڭ،
جاھاندا ياخشىلىقنى ئەيلە ئادەت، غەيرى كار قىلما.

ئۇلۇغۋار غايە كويىدا قانات قاق، بول بەلەن ھىممەت،
ئەلەپ دەشتىدە قانچە دەرت چېكەر سەن نالە ـ زار قىلما.

سۆزۈك سۆيگەن ۋەتەنىڭ بۇلبۇلى بول، كۈيلە ھەر دائىم،
ئۆزۈڭنى قاغا ـ قۇزغۇنلار قاتارىغا قاتار قىلما.

1981-يىل.

# ئۆمۈرنى نەۋباھار ئۆتكۈز

يىگىت ئەيىامى ئۆمرۈڭنى كۆرەشتە زەربىدار ئۆتكۈز!
كۆرەش ئەيلەپ ئېچىلدۇر گۈل ـ گۈلۈستان نەۋباھار ئۆتكۈز!

كىشىلىك بەختىنى دائىم ئۆمۈرگە ئەيلە بىر مەزمۇن،
بۇ مەزمۇن بىلەن كۆڭلۈڭنى قىلىپ كۈندۈز ـ ناھار ئۆتكۈز!

مىنۇتنى بوشقا ئۆتكۈزمە، ئورۇندا ئىزگۇ بىر ئىشنى،
يامانلىقتىن بولۇپ خالى، مۇسەپپا ـ بى غۇبار ئۆتكۈز!

تارات ياخشىلىقىڭدىن بوي، دىماغلەرنى مۇئەتتەر قىل،
قويۇپ دۇنيادا نامىڭنى ـ ئۆزەڭ كەتسەڭمۇ بار ئۆتكۈز!

بىرىلمەيدۇ ھايات قايتا (بېرىلگەن بىر قېتىم شۈكرى)
ھايات قوينىغا مەشئەل ياق، چېچىپ نۇر ـ شولەۋار ئۆتكۈز!

ئېلىڭ نەپئىگە جان كۆيدۈر، پىداكارلىق بىلەن ئىشلە،
يۈرۈت يۈزۈڭنى تارىختا ئىز ـ يادىكار ئۆتكۈز.

ياشا! مېھنەت گۈلۈستانىدا تەرتوك، ئال نەپەس ئەركىن،
خوشامەتتىن يىبىراق بولغىل، غۇرۇر، مەردانىۋار ئۇتكۈز!

غەنىمەت بىل تىرىكلىكنى، نەپەس قالغۇنچە غەيرەت قىل،
كۆرەش قىل، بولما قورقۇنچاق، ھاياتنى جەڭگىۋار ئۇتكۈز!

جاھانسازلىق قىلىپ ۋىجدان يولىدىن چىقمىغىن چەتكە،
ھەقىقەت كويىدا تاغدەك تۇرۇپ تىك بەر قارار ئۇتكۈز!

ئەگەر بىر ناتىۋان كورسەڭ سوراپ ھالىن يۆلەنچۈك بول!
بولۇپ دەردىنىڭ دەرمانى، سىلاپ باش غەمگۈزار ئۇتكۈز!

سۆزۈك ئەييامى ئۇمرۇڭدە نە كۈنلەر كەچتى باشىڭدىن؟
ئۇنۇتما بۇ ساۋاقلارنى، كوز ئالدىڭدىن قاتار ئۇتكۈز!

1981- يىل.

## تۇرمۇش — مەكتەپ دىمەكتۇر

تۇرمۇش—مەكتەپ دىمەكتۇر ئىبرەتلىكتۇر ساۋىقى،
قانچە ئىچسەڭ تۈگىمەس ئاچچىق - چۈچۈك بۇلىقى.

تولغان نۇرغۇن ئىشلەرگە ، ھاددىسىگە - بىر كىتاپ،
ئىنقىلاپ ھىكمەت باياني ئۇنىڭ ھەر بىر ۋارىقى.

ساۋاقلاردىن ئاگاھ بول، ئاندا ئوقۇپ دانا بول!
ئاچچىق ساۋاق ئىنساننىڭ گويا قورال - يارىقى.

تۇرمۇش سېنى قويمايدۇ ئوز مەيلىڭگە - رايىڭغا،
بۇ قانۇندىن چېكىنسەڭ تىگەر باشقا تايىقى.

كىمكى ئەگەر ساۋاقنى قوبۇل قىلماس نادانۇر،
قان قۇسۇدۇ بىچارە، زەھەر بولۇر تامىقى.

تۇرمۇشتا تۈت توغرا يول، ئەيلە ساۋاقلارنى قوبۇل،
ئۇتما يامانلار بىلەن قول، كوپتۇر يامانىنىڭ چاتىقى.

-1981 يىل

# بۇلبۇل ۋە گۇلچى

تارتار ئىردى باغ ئىچىدە خەستە بىر بۇلبۇل پىنھان،
كوز يېشىنى مىسلى يامغۇردەك توكەتتى ھەرزامان.

دائىما ھىجران ئازابىدىن تەرەننۇمدا تىلى،
چۈنكى، سۆيگۈ ئوتىدا كويگەن ئىدى ئۇنىڭ دىلى.

بەنت ئىدى بىچارە ئاشىق ئوقۇماققا داستان،
لەرزىگە كەلگەن ئىدى بۇ نالىدىن يەر ــ ئاسمان.

بولدى گۇلچى ئۇشبۇ ئاۋازدىن پەرىشان، دەرغەزەپ،
دىدى: "بۇ تېچلىقنى بۇزغان قايسى قۇش ئۇ ــ بى ئەدەپ؟".

قۇردى قىسماق دەرمەھەل بۇلبۇلنى تۇتماقچى بولۇپ،
زەرپ بىلەن مىڭ پارە ئەيلەپ، ئۇنى يۇتماقچى بولۇپ.

بىر قەپەزگە قىلدى بەنت ــ بۇ بىگۇنا بىچارىنى،
كوزلىرى قان بىلەن تولغان خەستەنى ــ ئاۋارىنى.

قىلدى گۈلچىگە خىتاپ بۇلبۇل-شىكەستە ناتىۋان،
دېدى: "ئى زالىم، مېنىڭ نەدۇر گۇناھىم، قىل بايان؟"

دېدى گۈلچى: "تى ۋاتىلداق قۇلىقىمنى ئاغرىتىپ،
بۇزدۇڭ ئارامىمنى، سەن سايراپ ئۈزىنگنى ياگرىتىپ.

بىر تىنىمسىز قۇش ئىكەنسەن، ئوقۇدۇڭ تىنىماي غەزەل،
بىلمىدىم - سېنى ئەسىر قىلغان ئىكەن قانداق گۈزەل؟!

گۈللىرىم پەجمۇدە بولدى، شاخمۇ-شاخ قوندۇڭ كېلىپ،
بەرگلىرى يەرگە چېچىلدى شاخلىرى كەتتى سۇنۇپ.

پەرۋىرىش قىلغان ئىدىم مەن تەر توكۇپ ئەجرىم بىلەن،
ئۇندۇرۇپ بىر گۈلنى يەردىن ئۇستۇرۇپ مېھرىم بىلەن.

ئەيلىدىڭ ئەجرىمنى زايا، بۇ ئەمەسمىدۇر گۇنا؟
شۇ سەۋەپتىن سېنى تۇتقۇن ئەيلىمەك بولدى راۋا."

بولدى گۈلچىنىڭ سوزىدىن بۇلبۇل ئاگاھ ئۇل زامان،
دېدى: "ئى گۈلچى قۇلاق سال، سەن جاۋابىمغا بۇ ئان!

قونغىنىمچۇن گۈل شاخىغا — بۇ قەپەزدۇر جاي ماڭا،
سەن مېنى بۇ كۈنگە سالدىڭ، نىمە كۈن بولغاي ساڭا؟

بىلمىدىم خۇش لەھجەدە سايراش گۈنالىق ئىش ئىكەن،
ئەمدى بىلدىمكى ناۋا قىلماق خاتالىق ئىش ئىكەن.

ئەيلىگەن بولسا پەرىشان سېنى چالغان سازلىرىم،
سايرىماقتىن تىلنى تارتتىم، چىقمىسۇن ئاۋازلىرىم.

قىل مېنى ئازات بۇ زىنداندىن، ئۇچۇپ مۇندىن كېتەي،
سەن ئەگەر بولساڭ زېرىككەن مەن تۇرۇپ مۇندا نېتەي.

قىل خالاس بۇ قەيدى بەندىڭدىن مېنى سەن ئى كىشى!
ياخشىلىق كورگەي كىشىكىم — ياخشىلىق بولسا ئىشى»

ئېرىدى بۇ سوزگە گۈلچىنىڭ دىلى ئاچتى قەپەز،
چىقتى بۇلبۇل تار قەپەزدىن ئالدى ئەركىن بىر نەپەس.

پەر قېقىپ قوندى كېلىپ شاخ ئۈستىگە ئازات بولۇپ،
گۈلچىگە ئېيتىپ تەشەككۇر چىن دىلىدىن شات بولۇپ.

دىدى: «ئى گۈلچى ماڭا قىلدىڭ بۇ يەڭلىغ ياخشىلىق،
ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلماق — ۋاپادارلىق قىلىق.

دەسسىگەن جايىڭنى قازغىن — كولىغىن نەچچە مېتىر،
ئاندا ئالتۇن ئاپتۇۋا بار ئىچى تىللادىن ئېغىر»

كولىدى بۇ يەرنى گۈلچى بۇلبۇل ئېيتقاندەك قىلىپ،
چىقتى ئالتۇن ئاپتۇۋا، تىللا بىلەن ئالدى قېزىپ.

گۈلچى بۇلبۇلنىڭ مۇكاپاتىغا رەھمەت ئەيلىدى،
ئۇچتى بۇلبۇل خوشلىشىپ بۇ يەردىن ھىجران ئەيلىدى.

ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن بېرىلگەن بۇ جاۋاپ،
يادلىنىپ تىللاردا داستان بولدى ئالەمگە تاراپ.

1981- يىل.

# پۆتمە

دۆشمەندۆر ھىلىگەر، كۆلگەنگە پۆتمە ،
ئىلانىنىڭ قۆيرۇغى ئولگەنگە پۆتمە.
ھەسەل دەپ زەھەرنى، گۆل دەپ تىكەننى...
دۆمبە دەپ ئۆپكىنى بەرگەنگە پۆتمە.

1981 – ١٠

# بېخىل

(مەسەل)

زامانە ئەۋۋەلدە ئۆتكەنىكەن بېخىل،
بېخىللىق قىلمىشى تىللاردا نەقىل.

تېرىقتا ئۆشكىنى قويار كەن داۋام،
يېمەسكەن يىل ئۆتۈپ تويغىدەك تائام.

چاشقانغا ئالدۇرماس ئىككەن كېپەكنى،
بىلمەسكەن پۇل ۋە مال يىغىپ بولەكنى.

توپلاپتۇ بىھىساپ بايلىق-دارامەت،
گوياكى كىمگىدۇر ساقلاپ ئامانەت.

ھېچكىمگە ياخشىلىق يوقكەن ئىشىدىن،
ئۆتەركەن شېشىنى يالاپ تېشىدىن.

يالاركەن ۋە بەلكى ئوزى قوسقانئى،
قانداقمۇ مېھمانغا سالسۇن داسقانئى.

بىر كۈنى بولۇپتۇ بۇ بېخىل كېسەل،
سەكراتقا چۈشۈپتۇ يېقىنلاپ ئەجەل.

تۇن ئىكەن يېقىلغان ئىكەن جىن چىراق،
كورگىلى بولمىغاچ يېقىن ھەم يىراق.

باشىدا تۇراركەن ئوغلى خەۋەردار،
ئاتىدىن رازىلىق سوراپتۇ تەكرار.

ھېچ جاۋاپ قىلماستىن يېتىپتۇ بېخىل،
جان بەرمەي تۇگۈلۇپ ئەھۋالى ئېغىر.

پات ـ پاتلا قاراركەن چىراققا كوزى —
بولغاندەك گوياكى بىر مۇھىم سوزى.

ئاتىنىڭ قەستىنى پەملەپتۇ ئوغۇل،
جىن چىراق قېشىغا مېڭىپتۇ ئۇدۇل.

ئىككىگە بولۇپتۇ چىراق پىلىگىن،
ئازايتىپ قويۇپتۇ ئۇنىڭ يورۇقىن.

قانائەت تېپىپتۇ بۇ ئىشتىن دەرھال،
كوزىنى يۇمۇپتۇ، جان بېرىپتۇ چال.

1981 - يىل.

# تەسەۋۋۇر قىل

باق كۆزۈم ئۆتمۈشكە چوڭقۇر خاتىرەڭ كۆزگۈسىدە،
قىل تەسەۋۋۇر يەنە سەن كەلگۈسى چاغلار ئۈستىدە.
بولغان ھەم بولماقچى بولغان ئۆزگىرىشكە سال نەزەر،
قايسى ھالەتكە كېلۇر دۇنيا يېڭى كەلگۈسىدە.

باستى تارىخ چاقى ئالغا، يولىدا توسقۇن يېرىپ،
پەن تەرەققى قىلدى، ئادەملەر پازاغا ئالدى يول.
پەن ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى قىيىنلەرنى يېڭىپ،
كەشپىياتلار ساھەسىدە سالدى ئىنسان ئايغا قول.

قىل تەسەۋۋۇر ئى كۆزۈم پەندە بولار شانلىق زەپەر،
كېلىچەكتە كۆپ ئاجايىپكە تولار سەييارىمىز.
يوق ئەجەب، ئاسمانغا ـ يۇلتۇزلارغا بىز قىلساق سەپەر،
قىسقىرىپ تېخنىكىدىن سەييارىلەرگە ئارىمىز.

1981- يىل.

## دوستۇمغا تەسەللى

ئاڭلىدىم يىنىڭدىن كەلگەن كىشىدىن،
بۇگۈن ئەتىگەندە بىر مەشئۇم خەۋەر.
مالالەت يېتىپتۇ تەبىئىتىڭگە،
تولۇپتۇ گويا كى جانىڭغا زەھەر.

بىلدىمكى تەقدىرنىڭ رەھىمسىز قولى،
ئۈزۈپتۇ گۈلۈڭنى ئىرەم بېغىڭدىن.
ئەيلەپتۇ پەرىشان شۇنچە كوڭۈلنى،
تولۇپتۇ ئېرىقلار ئاققان يېشىڭدىن.

چىرىغىڭ ئۆچۈپتۇ، ئۆيۈڭ قاراڭغۇ،
بولمىشىدۇر غەم بىلەن چېھرەڭ ياداڭغۇ.
نە چارە؟ بۇ قانۇن ئالدىدا بىزگە،
ھەممىگە جارىدۇر كوز ئاچماس ئۇيۇقۇ.

چارىمىز نىمىدۇر سەۋرىدىن ئوزگە؟
سەۋرى قىل كوزۈڭدىن ئېيتىپ يېشىڭنى.

ئۆزۈڭنى ئالدۇرما بۇ سەۋدا بىلەن،
كوتەرگىن غۇسسەدىن غەملىك بېشىڭنى.

قورايدەك قاخشىما ، ماتەمنى بەس قىل،
قايتىدىن كوكەرمەس سولاشقان بۇ گۇل.
تەربىيەت قەرزىڭنى چوڭقۇرراق ھىس قىل،
يادىكار قالغاندۇر ساڭا قىز - ئوغۇل.

قىزلارماي قاراشقا ۋەتەن كوزىگە،
ئىشلىگەن ئىشىڭنى ئىشلە، چوڭقۇر قىل!
تىكىلىپ قاراشقا ئەلنىڭ يۈزىگە،
ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى سادىق ئوغۇل قىل!

1981 - يىل.

# ئاچكوز

بىر ئاچكوز بار ئىدى بۆرۆنقى چاغدا،
ئاچكوزى تويماستىن ئۆتەتتى داغدا،

( ھېلىمۇ بارمۇ - يوق بۇنىڭدەك ئاچكوز ؟
ئاڭلاپ تۇرماقتىمىز بۇ ھەقتە گەپ - سوز.

بۇرۇنقى ئاچكوزدىن باشلايلى سوزنى.
ھازىرقى ئاچكوزلەر تۇزەتسۇن ئوزنى ).

بىركۇنى ئۇ ئاچكوز بوپقالدى كېسەل،
كېسەل چۈشىگىدە ئىگراپ ھەر مەھەل،

دىمى سىقىلاتتى ، قىيىنىلىپ جېنى،
غازاڭغا يۈزلىنىپ ھايات گۇلشىنى ،

سەكرات قۇچىغىغا باسقاندا قەدەم،
ئوغلىنى يېنىغا چاقىردى ئىلدام.

ۋەسىيەتكە ئاچتى تىلىنى شۇئان —
دېدى: " ئىنتىقام ئال ، دۈشمىنىم پالان "

جاۋابىدا ئوغلى دېدى : " ئى ئاتا!
سەۋەبى نىمەدۇر، بايان قىل ماڭا " .

تىلىنى ئاچتى ئاچكوز زەھەرلەر توكۇپ،
رەقىبىنى قاتتىق ئېيىپلاپ ، سوكۇپ.

دېدىكى : "بۇ ۋەقەگە بولدى ئۇزۇن،
زىيا پەتتە تۇتقان ئىدۇق بىر ئورۇن.

ئىدى داستىخان نازۇ ـ نىمەتكە لىق،
ئاجايىپ بىر ئىش قىلدى ئۇ بەدقىلىق،

ئىدى پارچە گوش مېنىڭ ئالدىمدا بەس،
ئېلىپ ئاغزىغا سالدى ئۇ تېگى پەس.

سەۋەپ بولدى بۇ كىنەگە ئۇشبۇ ئىش،
ئىسىمدىن چىقمىغاي بۇ ئىش يازۇ ـ قىش،

شۇ دەمدىن بېرى بار ئاڭا ئوچلۇگۇم،
قىساس ئال ئۇنىڭدىن " ئۇنتۇما جېنىم " .

ئاتا سوزىنى ئاڭلىغاچ سەربەسەر ،
جاۋابىدا ئېيتتى ئوغۇل : " ئى پەدەر !

ئول ئالتۇنچە سەن نە ئۈچۈن ئالمىدىڭ ؟
ئېلىپ قولغا ، ئاغزىڭغا ھەم سالمىدىڭ ؟ "

جاۋابىدا دېدى ئاچكۆز ئوغلىغا :
( تىقىلغان ئىدى دەرت ـ ئەلەم بوغزىغا )

" قولۇم ، ئاغزىم ئەردى مېنىڭ گوشقا بەنت ،
ئىدىم چارەسىز ، چارە تاپالماققا مەن "

1981 - يىل

# جان ۋەتەن ھۆسنۈڭگە بۇلبۇل مەن

كۆڭۈل ئى جان ۋەتەن ھۆسنۈڭ گۈلۈستانىغا بۇلبۇلدۇر ،
گۈلۈستانىڭغا مەدھىيە ئوقۇش بۇلبۇلغا مەزمۇندۇر .

سېنى گۈللەندۈرۈش كۆپتىن بېرى بىر مۇددىئادۇركى .
كۆڭۈل بۇ مۇددىئاغا يەتسە ئۆلدەم سۆيۈنۈپ گۈلدۇر .

ئەگەر تەئرىپلىرىڭگە تۈزسەم مىڭ داستان قىلۇر ئازلىق ،
تىلىم مىڭ بولسا تەئرىپىڭگە سۆز يەتمەيدۇ ، مۈشكۈلدۇر .

سۆيۈك بالدۇر ، يېرىڭ زەئپەرگە ئوخشايدۇ ، ھوسۇلدارسەن ،
يەر ئاستى بايلىقىڭ — تاغلاردىكى مەدەنلىرىڭ مولدۇر .

كۆزۈمگە ئۆشبۇ مۇنبەت تۇپرىقىڭ ئالتۇن كۆرۈنگەيكى ،
تېشىڭ ئالماس سېنىڭ ، يانتاقلىرىڭ گوياكى سۈمبۈلدۇر .

تەرەققىيات كۆكىدە تېز پەرۋاز ئەيلىگەن قۇش سەن ،
قۇلاققا ھەركۈنى بىر خوش خەۋەر — بىر يېڭى مەرغۇلدۇر .

ياشا ! ئورلە! زامانلاشماق كويىدا سەن مۇزەپپەر بول !
سۆزۈك شەنىڭدە دائىم بۇ غەزەلخانلىقتا مەشغۇلدۇر .

1981 - يىل.

## سۆيگۈ توغرىسىدا

سۆيگۈدىن مەھرۇم كوڭۈل تەكلىماكانىنىڭ چۆللىرى ،
سۆيگۈ بىرلە دىل گۈلۈستان ـ شاخىدا بۇلبۇللىرى .

سۆيگۈسىز دىلنى دىمە باغ بولمىغاي ئاندا ناۋا ،
ئاندا نە بۇلبۇلغا ئەشيان، نە ئىجاتىنىڭ گۈللىرى .

ئاندا نە ئوتتۇر مۇھەببەتتىن يۈرەك بولسا كاۋاپ .
ئاندا نە ھىجران ئازابىنىڭ غەزەل ـ مەرغۇللىرى .

ئىشقى يوق دىلنى دىسەڭ دىل ـ بولمىغاي ئەسلا راۋا .
شور زىمىندۇر كىم تىكەنلىك ، يوق ئۇنىڭ سۇمبۇللىرى .

سورىسا كىم سۆيگۈنى مەندىن بېرەي شۇنداق جاۋاپ :
سۆيگۈ بىر ئوتدۇر كوڭۈلدە ، كوزدەدۇر ئۇچقۇنلىرى ،

ئى سۆزۈك كوڭۈلنى بىر گۈلگە بېرىپ بولما نادان ،
ئەل ـ ۋەتەنىنىڭ سۆيگۈسى بولسۇن دىلىڭ مەزمۇنلىرى .

1981 ـ يىل .

## هايات  هەققىدە مۇخەممەس

بەزىگە ئالەمدە مەشھۇر ـ نامىدار ئۇتكەن هايات،
بەزىگە سۇيگۇ بىلەن پەرۋانەۋار ئۇتكەن هايات.
بەزىگە تۇن بولسا، بەزىگە ناهار ئۇتكەن هايات ،
بەزىگە قىش بولسا بەزىگە باهار ئۇتكەن هايات ،
بەزىگە دەردۇ ـ ئەلەم ئاستىدا تار ئۇتكەن هايات .

گاهىلارنىڭ ئۇمرى گويا گۇل كەبى خەندان ئۇتەر،
تويسا قارنى ، پۇتسە ئەگلى بولدى بەس،جەريان ئۇتەر .
يوق ئۇنىڭ كوڭلىدە ئەلنىڭ غىمى، بى ۋىجدان ئۇتەر ،
بەزىگە ۋىجدان ئازاۋىدا قىيىن دەۋران ئۇتەر،
بۇ مۇرەككەپلىك ئىچىدە رۇزكار ئۇتكەن هايات .

بىر كىچە ـ كۇندۇز ئۇتەر هەركىمگە هەر خىل ئىش بىلەن ،
ئوخشىماس هەركىمدە سەۋدا ئۇزگىچە تەشۋىش بىلەن.
بەزىلەر ئەلگە ۋاپا ئەيلەپ ئۇتەر ئالقىش بىلەن ،
بەزىلەر ئەلگە جاپا ئەيلەپ ئۇتەر قارغىش بىلەن ،
روبىرو سەپلەرگە ئايرىلغان،قاتار ئۇتكەن هايات .

ئۆمرىنى باشتىن-ئاياق ئەل بەختىگە بەرگەن كىشى ،
يوق ئەمەس بۇنداق باھادىر كوكسىنى كەرگەن كىشى .
بويىندا تارىخىي قەرزىنى ھىس قىلىپ سەزگەن كىشى،
ھەق-ئادالەت يولىدا مەرتلىك بىلەن كەزگەن كىشى،
بۇ كەبى ئوز مەۋقەئىدە بەر قارار ئۆتكەن ھايات.

ئى سۇزۇك ئوتتى ھاياتىڭ نەچچە ئون يىلنى كېزىپ،
ئوتتى نەكۇنلەر كوز ئالدىڭغا ئۇنى كەلتۇر تېزىپ.
ئۇنتۇما ئاچچىق ساۋاقلارنى ، لېكىن كەتمە قىزىپ،
ئوتمۇشۇڭ ئىبرەتكە تولغاندۇر، يۇرەككە قوي يېزىپ.
دەپتىرى ئىبرەتكە ئەۋلات، ئىنتىزار ئوتكەن ھايات.

1981 - يىل.

# شائىرنىڭ سوزى

بۇ يۇكدۇر قەلەمنىڭ مەسئۇلىيىتى ،
تاغدىنمۇ ئېغىردۇر ئۇستىدىكى يۇك .
ياقۇتتۇر چېكىتى ، ئالتۇندۇر خېتى ،
چولپاندەك نۇر چاچار ھەر قۇرى سۆزۈك .

ئەكس ئېتەر ئۇنىڭدا بۇلۇتسىز ساما ،
ئەكس ئېتەر ئۇنىڭدا مۇسەپپا ھاۋا .
ئەكس ئېتەر ئۇنىڭدا باغۇ - گۇلۇستان ،
جاراڭلار ئۇنىڭدا يېقىملىق ناۋا .

سۆيىدۇ قەلىمىم خوشال ھاياتنى ،
ئىجادىي مېھنەتنى ۋە ئىجتىھاتنى .
كۆرەشچان تۇرمۇشتىن ئالىدۇ ئىلھام ،
ئۇزىگە كۇچ يىغىپ قاقار قاناتنى .

قەلىمىم مىسالى خەنجەرى بورران ،
ئەكس ئېتەر ئۇنىڭدا قەلبىمدىكى ئوت .

توكۇلگەن ھەر ۋاراق ئۇستىدىكى رەڭ،
كوكرىگىم كىيىنىدىن قىزىلغان ياقۇت.

كۇتىمەن روز - شەپ بولۇپ ئىنتىزار،
ئىلھامنى سىغىنىپ بولىمەن خۇمار.
بىناگاھ كەلگەندە بۇ ئىلھام قۇشى،
ئالدىراپ كېتىمەن بولۇپ بىقارار.

چاپ - چاپقا چۇشىدۇ جەڭگىۋار قەلەم،
ئەڭ قىممەت بىر پەيىتتۇر ماڭا ئوشۇلدەم.
ھەر قەترە ئىلھام-گويا ئالى ھاياتتۇر،
غۇنچىنىڭ ئۇستىگە توكۇلگەن شەبنەم.

كەل ئىلھام بۇلبۇلى دىلنىڭ ھوزۇرى،
بىلىمنىڭ ماغدۇرى، كوزۇمنىڭ نۇرى.
سەن بىلەن كۇيلەيمەن ئەلنى - ۋەتەننى،
ۋەتىنىم قەلبىمنىڭ پەخرى - غۇرۇرى.

1982 - يىل.

# ئۆمۈر ـــ ئاتقان ئوق

شامال يەڭلىغ ئۆتۈپ كەتتىڭ ـ ئېزىز ئۆمرۈم، قەدىردانىم.
ئىزىمنى قالدۇرالماي ئىزگۈلۈكتىن ① كۆپ پۇشايمانىم

قۇرۇپ قاخشالغا ئايلاندىم ـ باياۋان ئىچرە توغراقتەك،
مېنى ھىجرانغا قالدۇردۇڭ ـ خازان بولدۇڭ گۈلۈستانىم.

ۋۇجۇتقا چىقمىغى مۇمكىن بولالتتى سەندە كۆپ ئىشلار،
بىكار ئۆتكەزدىم ئاي ـ يىلنى ئۆكۈنمەكتە مېنىڭ جانىم.

ئېقىتتىم سېنى لاي سۇدەك، ئېتىپ ئوقتەك راۋان قىلدىم.
ئىسىت ياندۇرغىلى ئەمدى قاچانمۇ بولغاي ئىمكانىم.

نەسۇد ئەمدى پۇشايماندىن، يۈز ھەسرەت بىلەن ئارماندىن،
يېنىشلاپ كەلمىگەي ئەسلا ئۆتۈپ كەتكەن شۇ دەۋرانىم.

---

① ئىزگۈلۈك ـــ ياخشى ئىش.

كۆز ئاچقۇنچە ئۆتۈپ كەتتىڭ قويۇپ ئەقلىمنى غەپلەتتە،
يېنىپ كەلمەس، ئۇچتۇڭ ۋاپاسىز ــ تەلۋە، شۇڭقار ىم.

ۋاپاسىز بەلكى مەن بولدۇم، ئۆرۈپ پەدەردىڭنى سۈندۈردۈم،
جۇدالىق داغىدا كۆيمەكتىن ئۆزگە يوقتۇر ئامالىم.

يۈرەكتە داغىڭ ئى ئۆمرۈم ساقايماس بىر جاراھەتتۇر،
سۆزۈكىنىڭ دەردىگە سىنا قىلالماس، چارە لوقمانىم.

1982 - يىل.

# كېلىپ كورسەڭ

(چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن بىر دوستۇمغا)

ئەگەردە پۇرسىتىڭ يەتسە كېلىپ شىنجاڭنى بىر كورسەڭ،
قىزىل گۇللەرگە پۇركەنگەن چىمەن ـ بوستاننى بىر كورسەڭ.
ۋەتەنداشلارنى، دوستلارنى، ئۇرۇق ـ تۇققاننى بىر كورسەڭ،
بېرىپ تۇرمۇشتا گۇللەنگەن خوشال دىخاننى بىر كورسەڭ،
باراۋەرلىكتە مىللەتلەر ئورۇن تۇتقاننى بىر كورسەڭ.

بۇ يۇرتتا ئەمدى سەن كورگەن بۇرۇنقى شۇم بورانلار يوق،
ۋەتەن باشىغا غەم سالغان گېزەندە ـ زوراۋانلار يوق.
بۇگۇن كوپ كەڭچىلىك تاپتۇق قەپەزدەك تار زامانلار يوق،
كوڭۇل شاتلىققا تولدى شىكەستە، ناتىۋانلار يوق،
سەن ھەم بىزدەك سۇيۇنگەيتىڭ قېنىپ، ئارماننى بىر كورسەڭ.

ھاۋا رايى كېلىپ ئوبدان زېمىندىن مول ھوسۇل ئالدۇق،
مەئىشەتتە باياشاتلىق، پاراۋانلىققا يول سالدۇق،
بولۇپ تىنچ، ئىتتىپاق ياخشى، يېڭى دەۋرانغا ھۇل سالدۇق،
زامانلاشقان ۋەتەن قۇرماق يولىدا ھەممە قوزغالدۇق،
چىدام، غەيرەت بىلەن ئالغا قاراپ ماڭغاننى بىر كورسەڭ.

شەھەرنى قايتىدىن قۇردۇق بىنالار كوككە پەيۋەستە،
ياسالدى ئاسفالىت يوللار، دىگەيسەن كوز سىلىپ كەشتە،
كوچەت تىكتۇق ئوسۇپ كورکەم، بونۇپتۇر خوش ھاۋارەستە،
ساقايغاي ئايلىنىپ مۇنداق شەھەرنى كورسە ھەرخەستە،
كولۇپ ، مەكتەپ ، شىپاخانا، راۋاج تاپقانىنى بىركورسەڭ.

كىلىپ كورگىن كوزۇڭ بىرلە، بۇ يەرلەردە مەئىشەت كەڭ،
ئەمەس يالغۇز مەئىشەتلا يەنە ھەرخىل سىياسەت كەڭ،
كىشكەيتىلدى بۇگۇن بىزدە ئەجەپ بەختۇـسائادەت كەڭ،
ئۇلۇغ پارتىيە رەھبەردۇر، بۇ رەھبەردە پاراسەت كەڭ،
ىلىپ خەلق باشىغا سايە، قانات ياپقانىنى بىر كورسەڭ.

ئالۇپتۇر سەن كىتىپ كوپ يىل چومۇلدۇق ئوزگىرىشلەرگە،
بوۋاقلار چوڭ بولۇپ ئەمدى بىرىلگەندۇر ئوقۇشلەرگە،
ئوغۇللار ئۇلغىيىپ ھالا يارامىلىق بولدى ئىشلەرگە،
ئوزۇڭ كورگەن شۇ ئايۋانىمدا تال چىتى بىيدىشلەرگە،
سىلىپ ئاغزىڭغا دۇردانە شىكەر قوشقانىنى بىر كورسەڭ.

كورۇپ كەت بىر كىلىپ يۇرتنى، ۋەتەنداشلارغا مىھمان بول!
قىرى-ياشلارغا ھەمداسقان ، تۇزۇپ سوھبەتنى داستان بول!
كورۇپ بىز ئوزگىرىشلەرنى تەرەققىي ئەيلە، ھەيران بول!
سەن ھەم بىزدەك خوشاللىقتىن ئىچىلغان لالە خەندان بول!
ئەگەر بولساڭ ۋەتەنپەرۋەر بۇ باغىستاننى بىر كورسەڭ...

1982 - يىل.

## سۆزلىرىڭ ئىلھام ماڭا①

ئاشۇ كۈنكىم سىنى كۆردۈم، ئىدى ياشلىقىمنىڭ ئەييامى،
ئۇچۇق دىدار كۆرۈشتۇق بىز قەدىردانلەر قەدىردانى.
ئاشۇ بەختلىك مىنۇتلارنى ئۇنۇتماي ساقلىدىم ئەستە،
دىدىم: بۇ بەخت - تەلەيىنىڭ مۇيەسسەر ئەتكەن ئىنئامى.

كۆڭۈل دەردىمنى ئىزھار قىلغىنىمدا سەن بولۇپ سامى،
دىدىڭ: دەردىمگە ئى رەھبەر-يىتۈر كىم چارە، دەرمانى.
بىشارەت بەردى سوھبەتتە سائادەتتىن سىنىڭ نۇتقۇڭ،
سۆزۈككە بولدى جان گويا دىدىڭ ئەسرارى پىنھانى.

1982 - يىل.

① بۇ شېئىر - ئەخمەتجان ئەپەندىم بىلەن بولغان 1947 - يىلدىكى ئۇچرىشىشنى ئەسلەپ يېزىلغان.

# قوينۇڭ گۈلۈستان بولغۇسى

سۆزلىسەم تەرىپلىرىڭنى كاتتا داستان بولغۇسى ،
دوستلىرىڭنىڭ قەلبى شات ، دۈشمەن پەرىشان بولغۇسى.

يەتمىگەي تەرىپلىرىڭ پايانىغا سۆز غەزنىسى ،
بولسا بىر تىل نەچچە مىڭ ھەم شۇندا نۇقسان بولغۇسى .

بەخش ئېتىپ ئىلھاملىرىڭ نى ئەيلىدىڭ دىللارنى باي ،
زەۋقۇ — شەۋقىڭ سىنەدە ھەردەم پاراۋان بولغۇسى.

پەرۋىرىش قىلدىڭ سۆيۈپ ھەققىڭ ئۇلۇغدۇر جان ئانا !
كىم ئەگەر سەزمەس بۇنى، قانداق چىن ئىنسان بولغۇسى .

قۇچىغىڭ مېھرۇ — مۇھەببەت چەشمەسىدۇر ئۇرغۇغان ،
كۆزلىرىڭنىڭ نۇرىدىن شەپقەت نامايان بولغۇسى .

كىم سېنىڭ شەپقەتلىرىڭگە يۇمسا كۆزنى كور بولۇر ،
تۇزكورلەر ئاقىۋەت يەر بىلەن يەكسان بولغۇسى .

كىم سىنى خار ئەتسە، گەر قەدرىڭنى قىلىپ يەر كەبى،
بۇ جاھان ئاخىر ئۇنىڭ كۆزىگە زىندان بولغۇسى.

قەھرىمان ئوغۇل-قىزىڭ دۇنيانى تىترەتكەن سىنىڭ،
سەن ئەگەر تۇز بەرمىسەڭ، كىم شۇنچە پالۋان بولغۇسى.

مىسلى مەھمۇت قەشقىرى، فارابى، يۈسۈپ خاس كەبى،
مىڭلىغان ئالىم، ئەدىپلەر ساڭا ئوغلان بولغۇسى.

كۆپ ئۇزۇن تارىخ ساڭا، قەددىڭ تۇرار تىك تاغ مەسەل.
سالى ئومرۇڭ① گە جاھانىڭ ئەقلى ھەيران بولغۇسى.

تاپ روناق، كۆكلەپ گۈزەل، ئوغۇل-قىزىڭنىڭ مېھنىتى —
تاغنى تالقان ئەيلىگەي، قويىنۇڭ گۈلۈستان بولغۇسى.

بۇ سۆزۈڭ قانداق يېتىشتۇرسۇن سىنىڭ ۋەسپىڭگە سوز،
بەلكى مىڭدىن بىرىنى ئېيتماققا ئىمكان بولغۇسى.

---

① سال ئومۇر — ياش - قۇرام. سال دەپ يىلنى ئېيتىدۇ.

# ئەستە تۇت!

سەن ئۆزۈڭنى ئى كىشى ئەخلاق ئىلە ئاراستە تۇت!
كىمكى ئەخلاق ئىگىسى ئۇ — بەختلىكتۇر ئەستە تۇت!

بەد قىلىق، قوپال بولۇشتىن ساقلا ئۆزۈڭنى ھامان،
بەس... ۋۇجۇدۇڭنى گۈزەل ئادەت بىلەن پەيۋەستە تۇت!

ھەر قاچان بولساڭمۇ ئۈستۈن مەرتىۋىلىك، بولما تۇڭ،
بول مۇلايىم ھەمدە كەمتەر، ئۆزۈڭنى ئەلدىن پەستە تۇت!

كورگىنىڭدە ناگىھان بىر يولدىشىڭنى خەستە ھال،
ئىچىنىپ ئۆزۈڭنى گويا سەن ئۆنىڭدەك خەستە تۇت!

ئى سۆزۈك كورگەن كۆنىڭنى ھىچ پاراموش ئەيلىمە،
كوزلىرىڭنى بۇ ساۋاقلارغا ئىچىپ ئىبرەتتە تۇت!

1982- يىل.

# كەتسە

تەبىئەت قانۇنىدۇر — كەتكۈسى ھەركىم قاچان كەتسە،
ئەجەپ بۇدۇركى نامى ياخشى چىقماستىن يامان كەتسە.

ئەگەر بىر ياخشى زات ئۆلسە— تۇتار ئەل قايغۇرۇپ ماتەم،
خوشاللىقلار قىلۇر ئامما چېقىمچى بىر چايان كەتسە.

جاھاندىن ئۆتسە بىر ئادەم ۋەتەننى، خەلقىنى ئويلاپ،
كومۇلمەس نامى تارىختا ئەگەر قانچە زامان كەتسە.

ھەقىقەت يولىدا ھەركىم يۇلۇقسا قارا كۈنلەرگە،
ۋاقىتلىقتۇر بوران- چاپقۇن، سۈزۈلگەي كۈن-بوران كەتسە.

توكۈپ تەر بەلكى قان يۇتسا - ئادالەت قوغداپ ھەر كىم،
قاچان زايا بولۇر ئەجرى، ئېچىلغاي غۇنچە قان كەتسە.

ئۇزۇن يىللىق ھاياتىڭدىن ساۋاقلار ئال، ئېچىل ئى كوز!
بولۇر ئاسىيلىق - ئۆتكەن كۈن ئىسىڭدىن ناگىھان كەتسە.

1982- يىل.

## تىكەندىن قورققان بۇلبۇل ئەمەس

سەھەر شەبنەم چۈشۈپ غۇنچە كوزىنى ئاچتى،
كورگەچ بۇلبۇل يۈرىگىگە ئوت تۇتاشتى.

چىدىيالماي سايراپ كەتتى بۇلبۇل شۇئان،
ئۇرغۇپ چىقتى ئىچ ـ ئىچىدىن دەرتلىك پىغان.

دىدى بۇلبۇل: «ئاشىق بولدۇم ساڭا ئى گۇل!
رەھمى قىلىپ تىلىگىمنى ئەيلە قوبۇل.»

گۇل دىدىكى: «ئاڭلا بۇلبۇل بىر گېپىم بار،
يېقىن كەلمە، پايلاپ تۇرغان تىكىنىم بار.

نەشتەرلىرى سۇغۇرۇلغان زەھەر بىلەن،
ئاگاھ بولۇپ يۈرگىن ئەمدى ھەزەر بىلەن»

دىدى بۇلبۇل: «پەرۋايىم يوق دىگىنىڭدىن.
قورقمىغايمەن يېنىڭدىكى تىكىنىڭدىن.

گۈلنى سۆيگەن قورقماس تىكەن ئازارىدىن،
قورقماس ھەرگىز سۆيگۈنىڭ دىدارىدىن.

جانىنى تىكىپ ئۈشبۇ يولغا ئاياغ سالدىم،
ئۆتتىن يانماس پەرۋانىدىن ساۋات ئالدىم.»

كۆلۈمسىرەپ باش لىڭشىتىپ قىلدى قوبۇل،
بۇ ۋەدىدىن مەمنۇن بولدى خەستە بۇلبۇل.

ئۆز يولىدا مەھكەم تۇردى سادىق بولۇپ،
سايراپ يۈردى گۈل ئىشقىدا ناتىق بولۇپ،

جاپا سالدى نەشتەر ئۆرۈپ تىكەن ئاڭا،
لېكىن بۇلبۇل تەرك ئەتمىدى سەۋتۇ ـ ناۋا.

چىداپ ئۆتتى يىللار يۈتۈپ مۇنابەنى،
كورسەتتى ئۇ مەردانىۋار ئىرادىنى.

رىياللىققا ئايلاندۇردى خىيالىنى،
ئاخىر تاپتى سۆيگەن گۈلنىڭ ۋىسالىنى.

قەترە ـ قەترە تەرلىرىدىن گۈللەر ئۈندى،
پىغان كەتتى، ئاخىر ئۇنىڭ كوڭلى كۈلدى.

1982- يىل.

## موماي بىلەن قىز

ئۆتكەنلىكەن قەدىمقى چاغدا بىر موماي ،
كوپ ئۆزۈن ياشىغان تەجرىبىگە باي .

بار ئىكەن بىرگىنە سۆيۈملۈك قىزى ،
دۇنيادا قالدۇرغان يادىكار ئىزى .

بۇقىزنىڭ ئىسمىنى ئاتاركەن بەختى ،
چىرايى جايىدا ، يېتەرلىك ئەقلى .

مومايىنىڭ كوزىگە نۇر ئىكەن بۇ قىز ،
سۇمبۇل چاچ، ئاي يۈزلۈك، يېشى ئون سەككىز.

”قوزام“ دەپ بۇ قىزنىڭ سىلاپ باش ـ كوزىن .
كۆنلىرى ئوتەركەن شات قىلىپ ئوزىن.

مومايىنىڭ ئامرىغى بولغان شۇ گۈزەل ،
تۇساتتىن بىر كۈنى بولۇپتۇ كېسەل .

پەرىشان ھالەتكە چۈشۈپتۇ موماي ،
ئۆتەركەن كوزىنىڭ يېشى قۇرىماي .

قولىدىن كەلگەنچە قىپتۇ چارىنى ،
ساقايتىپ بولماپتۇ جىگەر پارىنى .

سەھەرلەر تەڭرىگە قىپتۇ مۇناجات .
دەپتۇ ئۇ: "بۇ غەمدىن ماڭا بەر نىجات —

بۇ غۇنچەم ئېچىلماي توزۇپ كېتەرمۇ ؟
قىزىمنى شۇم ئەجەل ئېلىپ كېتەرمۇ ؟

كوپ ئۆزۈن ياشىدىم قالمىدى ھەققىم ،
دۇنيادىن يانارغا يېتىپدۇر ۋاقتىم.

قىز قالسۇن، مەن كېتەي قىزنىڭ ئورنىدا،
قىزىمغا ئامانلىق بەرگىن ئى خۇدا !

بۇ قىبرى قۇلۇڭنىڭ ھالىغا يەتكىن ،
خۇدايا تىلەكنى ئىجاۋەت ئەتكىن» .

زار - زار يىغلاپتۇ موماي شۇ يوسۇن ،
كوزىدىن ئاققۇزۇپ ياش ئورنىغا خۇن.

## 2

ناگەھان بىر كۈنى مۇنداق ھادىسە ،
يۈز بېرىپ مومايغا ساپتۇ ۋەسۋەسە .

بوشانغان بىر كالا كىرىپ هويلىغا ،
يەمەكلىك ھىد بۇيى پۇراپ بۇرنىغا .

ئوچاقتا ئىسسىغلىق تۇراركەن قازان ،
ئۇنىڭغا بېشىنى تىقىپتۇ شۇ ئان .

مۈڭگۈزى بەنت بولۇپ قازان ئىچگە ،
كوتىرىپ يۈرۈپتۇ مۈڭگۈز ئۈستىگە .

هويلىنى كېزىپتۇ قىلىپ پاتپاراق ،
بوپتۇ بىر ئاجايىپ كۈتمىگەن چاتاق .

شۇ زامان چىقىپتۇ موماي تاشقىرى ،
بولمىغان بۇنىڭدەك ۋەقە ئىلگىرى .

كالىنى ئەزرائىل قىپتۇ ئۇ گۇمان ،
بۇ دەھشەت ئاستىدا تارتىپتۇ پىغان .

ھۇشىنى بىرىپتۇ موماي ئىلكىدىن ،
تىترەشكە باشلاپتۇ جانىنىڭ ۋەھىمىدىن

دەپتۇ : "ئى ئەزرائىل يوقتۇر ئاغرىقىم ،
بۇ ياقتا يېتىپتۇ ئاغرىغان قىزىم" .

قىزىنى كورسىتىپ قىپتۇ ئىشارەت ،
"ئۇنى ئال ، مېنى قوي، تېنىم سالامەت "

3

ئاسانمەس جانان دەپ جاندىن كەچمەكلىك ،
ئاس تاۋىقىنى سۇندۇرۇش - ناندىن كەچمەكلىك.

ياڭلۇان كوپ ئاغزىدا شەھەرلەر ئالغان ،
مەيداندا كوز بىلەن كورمىسەڭ يالغان .

بىزلەر كۆرۈنگەن بىلەن سۈباتلىق ،
پەيت كەلگەن چاغلاردا دېگەي: جان تاتلىق .

بىر مىسال قالدۇرغان ئەجداتلار سۆزۈك،
مەرتلەرنى مەيداندا سىنىغان تۈزۈك .

1982 - يىل.

## ئېيتقان ئىدىمغۇ، ئى كوڭۈل؟

"بىلمىسەڭ چۈشەر يېرىڭنى، ئۇچما ھەر يان ئى كوڭۈل"
قىلمىدىڭ ھەرگىز قوبۇل بۇ سوزنى، نادان ئى كوڭۈل،
نە ئۈچۈن بولدۇڭ بۇ يەڭلىغ ئەمدى ۋەيران ئى كوڭۈل؟
قايسى دەرت باغرىڭنى قىلدى قاتمۇ - قات قان ئى كوڭۈل؟
قايسى ئاتەشدە كويۈپ سەن مۇنچە بىر يان ① ئى كوڭۈل.

سەن بۇرۇن گۈلزار ئارا ياشناپ ئېچىلغان گۈل ئىدىڭ،
شاخمۇ - شاخ پەرۋاز قىلىپ سايرايدىغان بۇلبۇل ئىدىڭ.
ھېچ تۈرالمايتىڭ يېرىڭدە چاپچىغان دۇلدۇل ئىدىڭ،
بەزم - سوھبەتلەردە ناتىق — سوزلىرى مەقبۇل ئىدىڭ.
ئەمدى يوققۇ شوخلىغىڭ. ھالىڭ پەرىشان ئى كوڭۈل؟

باشلىرىڭ يەرگە چۈشۈپتۇ ساڭگىلاپ، رەڭگىڭ سۇنۇق.
نە ئۈچۈن بولدۇڭ بۇگۇنكى كۈندە مۇنچە قايغۇلۇق.
ئەيلە ئەسرارىڭنى ئەپشا، سەرگۈزەشتىڭنى ئوچۇق.
سوزلە بۇ دوستۇڭغا ئەمدى ئۇز غېمىڭنى سەن تولۇق.
يولۇقۇپ قانداق بالاغا چەكتىڭ ھىجران، ئى كوڭۈل؟

---

① بىر يان - كاۋاپ.

سەن مەگەر پەرھاد كەبى بىر ئايىنەگە ئۆچرىدىڭ،
ياكى يۈسۈپتەك سېتىلدىڭ ــ قاپىلە① گە ئۆچرىدىڭ،
يوقسە ئېيتقىن قايسى دەردى بى داۋاگە ئۆچرىدىڭ،
ئويلىماي ئۇچقانلىغىڭدىن بۇ بالاگە ئۆچرىدىڭ.
ئەزىگەي ھەر قانچە بولساڭ ئەمدى نالان ئى كوڭۇل.

1982- يىل.

① قاپىلە ـ كارۋان.

# مەرسىيە

(ئەخمەتجان قاسىمغا بېغىشلايمەن)

ئۇستازىم كوز يۇمۇپ قەۋرەگدە تىنچ يات
غايەڭگە سادىقتۇر مىليونلاپ ئەۋلات.
ئۆلمەيسەن ھىچقاچان ئۆلۈم ساڭا يات!
ئوبرازىڭ دىللاردا ئەبەدى ھايات!

سەن كەتتىڭ ۋە لېكىن قالدى يادىكار،
ۋەتەنگە كورسەتكەن تارىخىي توھپەڭ.
تىكلىمەك بولغانىڭ مۇنداق نەۋ باھار،
قۇچىغى گۇللەرگە پۇركەنگەن - كوركەم.

ئەپسۇسكى ئومرىڭنىڭ رىشتىسىن كەستى،
شۇم ئەجەل جاللادى بىزگە سالدى غەم.
ۋەتەنىڭ كوكسىنى بۇلۇتلار باستى،
دىلغا غەم، كوزگە ياش تولدى ئوشۇلدەم.

سەن كەتتىڭ ۋە لېكىن ياندۇرۇلغان ئوت،
دىللاردا لاۋۇلداپ، يالقۇنجاپ تۇرار!
ھېچ قاچان تارىختا ئۇنتۇلمايسەن،
شوھرەتلىك ئەرباپسەن - مىللى ئىپتىخار.

بىئارام بولماي يات، تېچ كوز يۇمۇپ،
تەربىيەڭ كوكۇلدە، ئەستە ۋەسىيەت.
غايەڭدىن كوكۇللەر بولدى نەقىشكار،
بۇ غايە كوكۇلدىن ئوچمەيدۇ پەقەت.

يۇيالماس يامغۇرلار، قىرالماس بوران،
تەسىرلىك ئىزىنى بىزنىڭ سىنەدىن.
كورىدۇ زىيادە سىيىنىڭ نامىڭنى —
ئەۋلادىڭ ئوزىنىڭ ئىزىز جىنىدىن.

نىل رەڭ گۇمبەز بار تاكى جايىدا،
نامىڭنى ئۇنۇتماس سىيىنىڭ بۇ ئەۋلات.
ياشايدۇ ئوبرازىڭ يۇرەك قېتىدا،
ياشايدۇ ئەخمەتجان دىگەن ئىزىز ئات!

1982- يىل.

## خوتەن

تاقەتىم يوق داغى ھىجرانىڭغا جانانىم خوتەن،
كىندىكىم قېنى توكۇلگەن سەندە ئى جانىم خوتەن.

شەمئى رۇخسارىڭنى كورمەكلىك كوڭۇلگە ئارزۇ،
شەبى ھىجرانىمغا كوز سال ــ بەدرى تابانىم خوتەن.

ئوتتى ئىبرەت دەرسلىرى ـ باشىڭدىن قانلىق سەرگۇزەشت.
يازسا ـ يازسا توگىمەس ئىڭلارچە داستانىم خوتەن.

لەچچە مىڭ يىللىق زۇلۇم باغرىڭنى قىلدى تور-توشۇك،
بولدىمۇ ئۇ دەۋردە دەردىڭگە دەرمانىم، خوتەن.

ئەزدى ماخۇسەن سىنى 3 يىلدا ئۈچ مىڭ يىلچىلىك ①
ئاشتى شىڭنىڭ زۇلمىتى ئۇستۇڭدە، سەرسانىم خوتەن.

① 34 ـ، 35 ـ، 36 ـ يىللىرىدىكى ماخۇسەن زۇلمى شائىر ھېزنىڭ «خوتەن ئاھالىسىنىڭ 3 يىللىق پىغانى» سەرلەۋھىلىك بىر شېئىرىدا تولۇق تەسۋىرلەنگەن.

تۈلكە كەتتى، بورى كەلدى، بورى كەتسە كەلدى بارس①
ياردى گويا قوزىدەك كۆكسۈڭنى ھەر زالىم، خوتەن.

كەتتى مۇدھىش تۈنلىرىڭ ـ كۈن تۇغدى ئۈستۈڭدە ئاخىر ـ
قىلدى ئازات پارتىيە قۇللۇقتىن، ئازادىم خوتەن.

ئى ۋەتەننىڭ تۇپرىغى قوينۇڭ گۈلۈستاندۇر بۈگۈن،
كۆكلە، ياشنا دەمبەدەم، كۆڭلۈمگە ئىلھامىم خوتەن.

تاكى كۆك گۈمبەزكى بار ــ بەختىڭ چىراغى بەرقارار ـ
پارتىيە بولغاچ سۆزۈك شەمئى شەبىستانىم خوتەن.

1982 ـ يىل.

① بارس ـ يولبارس (يولۋاس)

# تارىخ

مارجاندەك تىزىلىپ كۈنلەر ئۆتىدۇ،
شۇ كۈنلەر تارىخنى قىلىدۇ ھاسىل.
ئومۇرنىڭ يوپۇرمىغىنى يەرگە توكۈدۇ،
ۋە لېكىن كوكلەيدۇ ئۈزۈلمەي نەسىل.

كارۋاندەك قاتنايدۇ ئەزەلدىن ئەبەت،
بىپەرۋا، رەھىمسىز، توختاۋسىز دەملەر.
يولىدىن توسۇشقا كىمدە بولسۇن ھەد،
ئېغىر يۈك كوتىرىپ باسار قەدەملەر.

تارىخنىڭ ئىجاتكار قوشۇنى ئادەم،
تارىخنى ياراتقان شۇ ئادەم قولى.
تارىخنىڭ چېكىسىگە قىستۇرۇلغان گۈل،
ئىجادىي مېھنەتنىڭ توزۇماس گۈلى.

مۇقەررەر ھادىسە قېرىش ھەم ئۆلۈش،
نائىلاج بولار سەن بۇلەرگە دۇچار.

ۋە لېكىن ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈش،
بۇ سېنىڭ ئىلكىڭدە بولغان ئىختىيار.

ۋاقىتنى قويما بوش، دۇنيادا قالدۇر،
ئىجادىي مېھنەتتىن تۇزۇماس گۈلزار.
ئۇلگەنلەر قاتارى ھىسابلانمايدۇ،
ھەر كىمدىن جاھاندا قالسا يادىكار.

جىر ئىنقىلاپ ئۆتىدۇ تارىخ كارۋىنى،
بويىنىغا يادىكار تۇمارىڭنى ئاس.
لىپمۇ - لىپ تولدۇرۇپ قەدەھنى سۆزۈك،
زوق بىلەن سۇمۇرۇپ خۇمارىڭنى باس.

1982 - يىل.

# قەغەز

قارىسام ھوسنۇڭگە كوڭلۈم ئېچىلۇر مۇزرەم بولۇپ،
كۈلكە پەيدا بولىدۇ بۇ كوزلىرىم نۇرغا تولۇپ.

ئاق يۈزۈڭ، تەكشى يۈزۈڭ، زوقىم كېلۇر خەت يازغىلى،
ئالدىرايمەن ساڭا گەۋھەرلەرنى ھەردەم تىزغىلى.

ۋارىغىڭ تىنىق سۇدەك، كوڭلۈمنى تارتار ئوزىگە،
كوزلىرىمنى ھىچ ئۈزەلمەيمەن يۈزۈڭدىن ئوزگىگە.

بى غۇبار مەيدان، قەلەم جەڭگاھى سەن جەڭ قىلغىلى،
گۈل بىلەن زىننەتلىنىپ كوزلەرنى روشەن قىلغىلى.

سەندە قۇرلار گۈل ـ گۈلۈستاندۇر سېنىڭ قوينۇڭ ماڭا،
سەندە بۇلبۇللار ناۋا قىلغاي كوڭۈل مەپتۇن ئاڭا.

1982- يىل.

# كەل ئى سازەندە!

كەل ئى سازەندە! سازىڭدىن كوڭۈلنى بەھرىمەن ئەيلە،
ئۈنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كوكلەت ـ چۆمەن ئەيلە.

كوڭۈل قۇشىنى سەيد ئەت ـ دىلرەبا چالغۇ ناۋاسىدىن،
يېقىملىق بۇ ناۋاغا جىسمىم ئويىنى ۋەتەن ئەيلە.

يۈرەك تارىغا تەڭكەش ئەيلە چىرتىپ سۆيگۈ تارىنى،
بۇ ئاۋاز رىشتىسىن جان مۇرغى بويىنىغا كەمەن ئەيلە.

ئەجەپ ئەيىيامى گۈلشەن بولدى بىزنىڭ بەختىمىز كۈلدى،
ۋەتەن گۈلزارىدا بۇلبۇل كەبى شېرىن سۇخەن ئەيلە.

تۈزۈپ سازىڭنى ماسلا دەۋر سازىغا، ئاڭا ئەگەش،
ئۇلۇغ پارتىيەگە شائىر تەشەككۈر مىڭ تۈمەن ئەيلە.

1982 - يىل.

# تارىم دەرياسى

مەۋج ئۇرۇپ ئاقىسەن تارىم دەرياسى،
شاۋقۇنۇڭ خەلقىمنىڭ يۈرەك ساداسى.
دەشتلەرگە شەربەتسەن، دۈشمەنگە ئوغا،
ۋادىلەر باغرىنىڭ سۆيۈك داۋاسى.

سەن بىلەن بۇ دىيار بولىدۇ گۈلشەن،
سەن بىلەن بۇلبۇللار قاقىدۇ قانات.
سەن بىلەن ھاياتنىڭ كوزلىرى روشەن،
سەن بىلەن توقچىلىق تاپىدۇ ھايات.

نامەلۇم زاماندىن بېرى ئاقسەن،
گاھ پەسلەپ، گاھ تېشىپ چاقىسەن گىرۋەك.
دالىلار باغرىنى قاندۇرۇپ سۇغا،
نازۇ - نېمەتلەرنى بېرىسەن ئەلۋەك،

قوينۇڭدا زۇمۇرەت كەبى سۇلىرىڭ،
ئوزۇڭنىڭ قولىدا تېزگىن - چۇلۇۋۇرۇڭ.

ئاقسەن ئېقىمنى بۇزۇپ - ئۆزگەرتىپ،
ئاجايىپ كۈچلۈكتۇر سېنىڭ غۇرۇرۇڭ.

مەغرۇران تۇس بىلەن ئېقىپ ھەر قاچان،
جىمىرلاپ تىنىمسىز بولۇسەن راۋان.
يېشىڭ كوپ ئۆزۈڭدۇر سېنىڭ بىگۇمان،
كوزۈڭدىن تارىخنىڭ سىرى نامايان.

قۇشلار تەلپۈنۈپ قاقاندەك قانات،
قىرغاقلار، داللار تەلپۈنەر ساڭا.
سېخىسەن لىۋىڭدىن توكىسەن ناۋات،
شۈڭلاشقا لەززەتلىك لوقماڭ ھاياتقا.

باغرىڭدا سۈيگۈنىڭ پارلاق چىرىغى،
نۇرلىنىپ ئاقىدۇ سەندە سىماپ سۇ.
ھوسنۈڭگە تىكىلىپ قانماس يۈرەكلەر،
ھاياتقا ھاياجان، ئېپتىخار تۈيغۇ!

ئاق تارىم دەرياسى! ئاق ئابى ھايات!
ھەر قەترە سۈيۈڭنىڭ قىممىتىدۇر قان.
ئۇركەشلە، مەۋج ئۇرۇپ دىلنى ئەيلە شات!
سەن ئەزىم دەريا سەن، تونۇيدۇ جاھان!

نىلۇپەر گۈمبەزدۇر تاكى بەر قارار،
داۋالغۇپ مەردانە ئۈزۈپ ئېقدۇر!
سەن بىلەن گۈللەنگەن بىزنىڭ بۇ دىيار،
سەن بىلەن ھەمنەپەس بىزنىڭ قانۇ ـ تەر.

1982-يىل.

# تەكەببۇرغا تەربىيە

بولماسەن ئۆزەڭنى چوڭ تۇتماق بىلەن مەندىن نېرى،
قاچما، يوق مەندە يۇقۇملۇق ھېچ كېسەل مىكرۇپلىرى.

ئادىمىلىك بىزدە تەڭدۇر، بىزگە ئورتاق بۇ شەرەپ،
ئۇشبۇ ئىنسانى شەرەپنىڭ يوق زىيادە، كەم يېرى.

قىلما چوڭلۇق، چالما ھەرگىز سەن تەكەببۇر ناغرىسىن،
كىم ئۆزىن چوڭ تۇتسا ئەلدىن ئۇ يىقىلغاي ئاخىرى.

بەرمىگەي بۇ جەمئىيەت كىبرۇ — تەممەنناغا ئۇرۇن،
چوڭچىلىقنىڭ ئاقىۋەت باردۇر ھالاكەت خەتىرى.

سەن ئۆزەڭنى يەرگە تەڭ تۇت، ئەيلە كەمتەرلىكنى خۇي،
مەۋقەئىڭ بولغاندىمۇ ئۈستۈن — پەلەكنىڭ ئەختەرى.

ئى بۇرادەر قىل قوبۇل ئۇشبۇ سوزۇم گەر توغرىدۇر،
قايتۇرۇپ بەر ئۆز قولۇمغا بولمىسا توغرا يېرى.

1983-يىل

# پارچىلار

قەلەم تىغدۇر، قەغەز مەيدان، قۇرلەردىن سەپ تۈزۈلگەن،
ھەر بىر قۇرنى كورسەڭ مەگەر كوكتىن يۇلتۇز ئۈزۈلگەن.
ھەر جۈملە سوز مەرۋايىتتىن زىيادە دۇر سۈزۈكلۈكتە،
دەيسەن ئۇنى بى ئىختىيار گويا نۇردىن سۈزۈلگەن.

1983-يىل.

كىم ھىسابلاشماي خۇسۇسى ئارزۇ بىرلە ئەگەر،
خەلق ئۇچۇن چەكسە جاپا تارىخ ئۇنى ھىچ ئۇنۇتماس.
نەچچە يىللاپ كومۇلۇپ قالسا قارا تۇپراقتا زەر،
زەر ھامانە زەر ئىرۇر ھىچ قەدرى كەتمەس داتلىماس.

1983- يىل.

# يىللار

يىللار ئادىتىچە كېلىپ كېتىدۇ،
يىللارغا بۇ رەۋىش ئەزەلدىن قانۇن.
ئادەملەر يىللاردا بوستان ئېتىدۇ،
بولسۇن دەپ سايىسى ئەۋلاتقا ئورۇن.

ئۆتكەنكى يىللاردىن خىجالەت چەكمە،
ئىجادىي مېھنەت تىنى ئۆنگەن بولسا گۈل.
كەلگۈسى يىللارغا نەزەرنى تاشلا،
مەرتلەرنىڭ ئىزىچە يولغا راۋان بول.

ياسالسۇن شەرەپلىك تارىخ يىللاردىن،
تارىخنىڭ ئاساسىي ئەمگەك — قانۇن، تەر
قويۇلسۇن يادىكار ئۆچمەس گۈللەردىن،
بى نىشان كەتسە كىم نامى تېز ئۆچەر.

ئاجۇندا يادىكار قويغان ئۇلمىدى،
مەڭگۈلۈك تىرىكلىك تاپتى مەنىدە.
ناۋايى، فارابى، مەھمۇدلەر مانا،
ياشايدۇ ئىنساننىڭ چوڭقۇر قەلبىدە

1983-يىل.

# تارىخنى ئۆگەن

تارىخنىڭ غەزىنىسى ھېكمەتكە تولغان،
ئويغىتار بۇ ھېكمەت غاپىل كۆزلەرنى.
ئوقۇساڭ بىلىسەن نېمىلەر بولغان؟
ساۋاقلار قىلىدۇ ئاقىل-بىزلەرنى.

كىرپىكلەر قەلەمدۇر، كۆزلەر دۈۋەتدۇر،
تارىخنىڭ ھەر بېتى قاندىن پۈتۈلگەن.
تارىخ كەچمىشىگە ياخشى ھۆججەتتۇر،
ئۇنىڭدا ھەقىقەت سۆزلەپ ئۆتۈلگەن.

نەقىشدۇر تارىختا ئاچچىق ساۋاقلار،
سۆزلەيدۇ ئۇ بىزگە كەچكەن ئۇزاقتىن.
نېمىلەر كۆرمىدى ئاتا - بوۋىلار-
ۋاپاسىز ۋە زالىم، تەتۈر پەلەكتىن.